ئىمام مۇھەممەت

# سېيت نوچى ئۇچتۇرپاندا



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئىمام مۇھەممەت

# سېيت نوچى ئوچۇر چاپىنى

( ھېكايىلار )



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار

# مۇندەرىجە


كېپەك مەزىن ........................................ 1

سېيىت نوچى ئۈچتۇرپاندا ........................................ 19

شەپقەتلىك ئامبال ........................................ 49

« بالداق سوپى » ........................................ 57

سادىغالىڭ كېتەي سادىقجان ........................................ 67

قەبرە توپىسى ........................................ 87

كىم ئەيىبلىك ........................................ 93

تالاق ........................................ 109

ئىنتىقام ........................................ 117

ئالتۇن تۇپراق ........................................ 144

# كېپەك مەزىن

يېزىمىز بازىرىنىڭ ئاۋات كوچا دوقمۇشىدا چوڭ بىر مەسچىت قەد كۆتۈردى. ئاسمان - پەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆركەم پەشتاق ھەر قانداق كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، مەسچىتنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈش پەيتى كېلىپ قالدى. بۇ ئىشقا مەھەللىدىن كېپەك سالجا ئۇشتۇمتۇت ئارىلىشىۋالدى.

كېپەك ئاخۇن بەستلىك كەلگەن، ئورا كۆز، سەل پاناق، سول قۇلىقىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى كەم، 60 ياشلاردىكى چار ساقال ئادەم بولۇپ، ھەر قانداق گەپ بولغان يەردە ئېغىز غېرىچلاپ، باشقىلارغا گەپ بەرمەيدىغانلاردىن ئىدى.

ئىمام ئاخۇنۇملارنىڭ مۇشۇ بىر مۈشكۈل ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، كېپەك سالجىدەك بىرەر ئادەممۇ لازىم ئىدى. ئەلۋەتتە، ئىمام ئاخۇنۇم ئۆز سۈپىتىنى ساقلاش يۈزىسىدىن، ئەمرىمەرۇپ قىلىشتىن ئوشۇق سۆزلىمەيدۇ - دە. مۇتىۋەللى ئاخۇنۇم دەپتەر - قەلەم تۇتۇپ، كىم نېمە بەردى، قانچىلىك، شۇنىلا يېزىشى كېرەك. كېپەك ئاخۇنچۇ؟ ئۇ جامەنىڭ ئات ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۇلارغا ئەگىشىپ چىقتى - دە، گۈرۈچنى بىر تاغارغا، بۇغدايىنى يەنە بىر تاغارغا، ياغنى تۇرغۇتقا قاچىلاپ مېڭىۋەردى. بەزى ئاشپەز، ناۋاي، قاسساپ، سودىگەرلەر نەقپۇل

ئىئانە قىلىنىۋاتقاندا ، كىپەك ئاخۇن يانچۇقلىرىنى سىيلاپ ئۆلگۈرگەن ئىدى . قىرىشقاندەك پۇل بىرەيلەننىڭ قولىدا سانىلىپ ، يەنە بىرەيلەننىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى . كىپەك ئاخۇن راسا بىر ئۇلۇغ تىنىپ ، يەنە چاندۇرماي مىڭىۋەردى - يۇ ، يۈرىكىدە ھەسەت ئوتى لاۋۇلداپ ، ئۆز قورسىقىدا ھېساب - چوت سوقۇشقا باشلىدى . دەسلەپتە كىم نېمە بەردى ، قانچىلىك بەردى ... ھەممىنى دىلىغا خاتىرىلەپ ، « خۇدا رەھمەت قىلسۇن » ، « ئۇلۇغ پەرۋەردىگار مەدەت بەرگەي » ، « بىرى مىڭ بولسۇن ... » دېگەندەك سۆز - ئىبارىلەرنى تەكرارلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمدى ئۇ بىردىنلا جىمىپ قالدى . شۇنداق ھېسابلاپ « 307 كوي 40 پۇڭ » دېدى - يۇ ، ئىزىپ كەتتى .

كىپەك ئاخۇن ساۋاتسىز ئىدى . ئۇ مۇشۇ يېزىدىكى پاششاپ بېگىمنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى . پاششاپ بېگى — قول ئىلكىدە يوق ، نەپسى يامان ، ئۆتۈمسىز ئادەم بولغاچقا ، چوڭ - كىچىك ئوغرى - قىمارۋازلار ئىچىدە « گال قىڭراق » ، ئەل ئىچىدە « ياغاچ پىچاق ، لاتاغىلاپ بېگىم » دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى . نەگىلا بارسا ئوغلى كىپەكجاننى بىرگە ئېلىپ باراتتى . قىمارۋازلار ئۇنى « بېگىمنىڭ بالىسى » دەپ ، يانچۇقلىرىنى چوتاغا تولدۇرۇۋېتەتتى . كىپەكجان ئەمدىلا 15 ياشقا تولغاندا دادىسى باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى . ئۇ 17 ياشقا كىرگەن مەزگىلدە « تاۋكا بەندىسى » گە ئايلىنىپ كەتتى . بىر قېتىم تاۋكادا جېدەل چىقىرىپ بىرەيلەنگە تىغ ئۇرۇپ ياردار قىلىپ قويدى - دە ، تۈرمىگە تاشلاندى . شۇ ئاردا ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ بولالمىدى . تۈرمىدىن چىقىپ قارىغۇدەك بولسا ئاتىسىدىن قالغان ئۆي - زېمىننىڭ ئىزناسىمۇ قالماپتۇ . ئۇ ئەمدى بازارنىڭ چېكىسىدىكى بىر

مەھەللىگە ماكانلاشتى - دە، دادىسىنىڭ كونا ئۆلپەتلىرىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، كاداك قىمارۋازلار جەم بولغان چوڭ تاۋكالاردا چوتا يىغىپ ئاز - تولا پۇلغا ئېرىشىپلا تاك ئاتقۇچە مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان بولۇۋالدى. «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دېگەندەك، ئۇزاققا قالمايلا كانىيىغىچە قەرزگە بوغۇلدى، بېرەي دېسە ھېچنېمە يوق، سالا - سۇلھىگە كۆنىدىغان كىشىمۇ يوق ئىدى. كېپەكجان ئاخىر پىچىقنى قىنىدىن چىقاردى - دە، سول قولىقىدىن بىر چىشلەم كېسىپ، ئۇتۇۋالغۇچىلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قەرزدىن قۇتۇلدى. تاۋكاغىمۇ دەسسىيەلمەس بولدى...

كېپەك سالجىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەيدىغان بولساق ئوقۇرمەنلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويىمىز. قىسقىسى، ئۇ ئوتتۇز نەچچە يىلنى قىزىلكۆزلۈك، ساختىپەزلىك بىلەن سېرىقتال ئۆتكۈزدى. ئەمدىلىكتە ئىسلاھات دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، يەرلەر ھۆددىگە بېرىلىۋېدى، كېپەكجاننىڭ بېشىغا تېخىمۇ كۆن چۈشتى.

«خوش كېپەك ئاخۇن، — دەيتتى ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — داداڭ ئىككى قوللاپ دۇئا قىلغاچقا، قولۇڭ كەتمەنگە، دىلىڭ دەردكە يولۇقماي بوگۇنگە كەلدىڭ. ئەمدى ئىش پاساتقا، بازىرىڭ كاساتقا ئايلاندى. يەر تۇتۇپ جېنىڭنى قىينامسەن قانداق؟...» ئۇ، شۇنداق چىگىش خىيال يىپلىرىنىڭ تۈگۈنلىرىنى يېشەلمەي، ئاخىر، «توختا، ھەمدۇل قارىي ئاخۇنۇم بار ئەمەسمۇ! ئۆز ۋاقتىدىكى بۇلۇڭ ئۆلپەتلىكىمىزدىن تېنىپ كەتمەس، ياخشى مەسلىھەت بەرسە ئەجەب ئەمەس» دېدى - دە، ئەتىسى قارىي ئاخۇنۇمنىڭ ھوزۇرىدا مېھمان بولدى. ھەمدۇل قارىي ئاخۇنۇم ئۇنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالغاندىن

كېيىن ، دەرد - ئەھۋالىنى ئاڭلاپ بولۇپ ، كۆزلىرىنى چىمىلداق يۇمۇپ ئولتۇرۇپ :

— كېيەك ئاخۇن ، ھازىر ۋاللىدە ئاپتاپ چىققاندەك قىلغان بىلەن ، ئىشەنگىلى بولمايدۇ . ئۆزلىرى بىلەن بۇرادەرچىلىكىمىز بار . راست گەپنى قىلسام ، ئۆزلىرى تەنھا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، شۇكەمگىچە چېكىدلىرى تەرلەپ باققان بەندە ئەمەس . يېشىمىزنىڭ تەگدىن تولىسىنى ياشاپ ، غورىگىل بولىسمۇ كۆن ئېلىپ بۇ يەرگە كەلدۇق . خۇداغا مىڭ قەترە شۈكۈر - سانا ئېيتقايمىز . ئاللانىڭ مەرھەمىتى بىلەن ھۆكۈمىتىمىزگە ئىنساپ بېرىپ ، مۇنچىلىك كۆن بولۇۋاتىدۇ . ئەمدى ، سىلە بىلەن بىز دەپىدۇنيانىڭ كويىدا بولماي ، ئاخىرەتنى ئويلاپ ، ساۋاب ئىزدەيلى ، ساۋاب ، — دەپ توختىدى .

— خوش ، تەقسىر ، ياغدەك گەپ قىلدىلا ، ياغدەك !

— شۇنداق ، ئۇ دۇنيالىق مۇھىم ...

— كېيىنچە يەنە « ئايا دوستلار ، دۇنيا ھارام ، سەن تاشلىۋەت ، مەن تېپىۋالاي » بولۇپمۇ قالارمۇ ؟

— يوقسۇ ! نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىدىلا ؟ مەن ئۆزلىرىنى سايىمىزدا پاناھدارمىكىن دەۋاتىمەن ، بۇرادەر !

— ئۇنداق ئىلتىپاتلىرى بولسىغۇ ، ھو ، ھو ، ھو، ھا، ھا ... شۇنداق قىلىپ ... ؟

— ھە ، شۇنداق قىلىپ ، ئەتىگەندە جامەگە پەيدا بولسىلا . مەن ئەھلى جامائەتنىڭ ئالدىدا تـوۋا ئىستىغپار ئوقۇتىمەن . بويۇنلىرىغا قارا ئارغامچا سېلىپ ، قول قوۋۇشتۇرۇپ ، يەرگە قاراپ تۇرىدىلا . ھە ...

— ئۆمرۈمدە مەكتەپ قارىسى كۆرمەپتىمەن ، تەقسىر !

قىلمىغان گۇناھلىرىم ئاز ، خەقنىڭ ئالدىدا نېمىدەپ توۋا قىلىمەن ؟

— مەن نېمىدېسەم شۇنى دېسىلە بولۇۋېرىدۇ .

— تىلىم ئايەتكە كەلمەيدۇ ئەمەسمۇ ؟!

— ئىگىسىگە ئىخلاس بىلەن تېۋىنىپ ، بىزگە خوش دېسىلە ، ئىش تامام . ئۇنىڭدىن كېيىن، مەسچىتنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ ، تەرەتكە سۇ تەييارلاپ ، ئۇ يەرنى ساقلاپ بەرسىلە بولدى .

ھەمدۇل قارىي ئاخۇنۇمنىڭ گەپلىرى كېپەك سالجىغا بەئەينى قېرى كالىغا پىچاق خوش ياققاندەك ياقتى . ئىشمۇ ھەمدۇل قارىمنىڭ دېگىنىدەك بولدى : مانا ، بەش - ئالتە يىلدىن بېرى ئۇ . مەسچىتنىڭ كۈتلەك ھۇجرىسىنى ماكان قىلىپ ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بىلەن يۇمشاققىنە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ . جامەنى چوڭايتىپ ياساش باشلىنىپ پۈتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئىشلىرى جىددىي ھەم ئامەتلىك بولدى .

يېڭى جامەنىڭ مۇراسىمى دېگەن قەرەلىدە جۈمە نامىزى تەنتەنىسى ئىچىدە بولۇپ ئۆتتى . ھەمدۇل قارىي ئاخۇنۇم يەنىلا ئىماملىق مەرتىۋىسىدە ، گايىت مۇتىۋەللى ئاخۇنۇم مەزىنلىك مەنسىپىدە ئولتۇرۇشتى . ياغاچچى ، تامچى ، ئىمام ، مەزىن ، نەققاش ، خەتتات ، ھېسابچى بولۇپ ئون نەچچە كىشى جامائەت ئالدىدا مەرتىۋىلىرىگە ، ئىشلىرىغا لايىق تون - سەرۇپاي كىيىشتى . كېپەك سالجىنى ھېچ كىشى ئاغزىغا ئېلىپمۇ قويمىدى . يوغان تاۋاقتا ئاش كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىدا چاپىراقلاپ يۈرگىنىنىمۇ ھېچكىم كۆرمىدىمىكىن ؟! بۇ ئىش كېپەككە تولىمۇ قاتتىق تەگدى . ئۇ ، ئەل تارقاپ بولمايلا ئۆيگە كىردى - يۇ ، ئىشىكنى « گۈپ » تاقاپ ، قولىغا بىر پىيالىنى ئالدى ، نېرىقى

بولۇقىدىكى چىپىنداقلار ئارىسىدىن « تۆمۈر چوققا » ماركىلىق هاراقتىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئىلىپ ، ئاغزىنى پىيەنچۇكلەر پەدىسىدە بىرلا غاجىلاپ ئاچتى - دە ، يېرىمىنى بىراقلا قۇيۇپ ، ئىككىلا سۈمۈرۈپ ئىچىۋەتتى . داۋامىنى يەنە شۈنداق قۇيۇپ ، يەنە شۇ ئەلپازدا ئىچىۋەتتى - دە ، شىشىنى يەرگە ئاتتى ، ئۆزىمۇ ئورنىغا يىقىلدى .

ئارىدىن بىر هەپتە ئۆتتى . رەشىك ئوتلىرىنى باسالمايۋاتقان كىپەك سالجا جامائەت خۇپتەندىن يانغاندىن كېيىن ، جامەنىڭ يازلىق مەيدانىغا قالدى - قاتتى چىپىندا - پۇزەكلەرنى جۇغلاپ غۇلا سالدى - دە ، مەيدىسىنى قاقلاپ ئولتۇرۇپ ، قويۇن يانچۇقىدىن ياڭاق چوڭلۇقىدا بىر دۇگىلەكنى ئالدى . ئاندىن ئېرىنمەي ئولتۇرۇپ قىرىق بىر تال ئۈزۈپ ، تاماكا خالتىسىدىن بىر چىمدىم كۆك قۇلاق ئېلىپ ، ئۆز قائىدىسى بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ بىر تال يۆگەپ ئۇچىغا ئوت ياقتى ، ئەمدىلا ئىككى شوراپ ، تۈتۈنىنى پەلەككە قويۇۋەتكەن ئىدى ، توساتتىنلا ئۈچ نەپەر ياش يىگىت هۇجرا تەرەپتىن چىقىپ كېلىشتى . كىپەك ئاخۇن ئۇچۇن قولىدىكىنى يوشۇرۇپ قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىغان ئىدى .

— بەللى - بەللى ، كىپەكجان ئاكا ، بىز ئۈچمە تومۇزىنىڭ ئىسسىقىدا هۇجرىدىن سالقىن ئىزدەيلى ، ئۆزلىرى ...؟— دېدى يىگىرمە بەش ياشلاردىكى ئاق سىرىق تالپچاق خۇش خۇيلۇق بىلەن .

— هە ، كېلىڭلار ، توقماق سوپىلار ، تېخىچە ئۇخلىماي قەيەرلەردە يۈرىسلەر ؟

— يەر - جاهان يورۇپ كەتتى . بىز تېخى هۇجرىلىرىغا ئوت كېتىپ ، ئۆزلىرىنى ئۇخلاپ كاۋاپ بولۇپ كەتمسۇن دەپ

ئەنسىرەپ ...

— ئاغىزىڭلارغا تاش تۇپراق، ھەي شۇملۇقنى چىللايدىغان توقماق سوپىلار، — دېدى كېپەكجان پەرۋاسىزلىق بىلەن پىننەكنى تېخىمۇ قاتتىق شوراپ. غۇلالىنىپ كۆيۈۋاتقان گۇلخاننىڭ تۈن قاراڭغۇلۇقىدىكى يورۇقىدا كېپەكجاننىڭ رەڭگى قانسىراپ ئۆلگەن جەسەتنىڭ تەرىگە، كىلەڭسىز پاخپايتىپ قويۇۋالغان ئۇزۇن ساقىلى مەيدىسىنى قاپلىغان مويلار بىلەن قوشۇلۇپ خۇددى ئادەم ئاياغ باسمىغان قاراڭغۇ چاتقاللىققا ئوخشاش كۆرۈنمەكتە ئىدى.

— غەلىتىلا گەپلەرنى قىلىۋاتىلىغۇ؟ — دېدى ھېلىقى تالىپچاق شېرىكلىرىگە ئولتۇرۇش ئىشارىسىنى قىلىپ، ئۆزىمۇ يانىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇپ.

— ھارام يەيدىغانلارغا ئوت كەتمەي، ماڭا ئوت كەتكىنى قانداق؟

— كىم ھارام يەپتۇ!؟

— ھەممەيلەن ھارام يەۋاتىمىز.

— بىزمۇ ھارام يەۋاتامدۇق؟

— ھەئە.

— قوللىرىدىكى ھالالمۇ - ھارامىمۇ؟

— ئۇستازىڭلاردىن سوراڭلار.

— ھەمدۇل قارىي ئاخۇنۇم چەكمەيدىغاندۇ؟ توۋا دېسىلە ئاكا، ئەھلى ئىلمى ئادەملەرنىڭ كەينىدىن ھەر قىسما گەپ قىلسا گۇناھ بولىدۇ، — دېدى يەنە بىر دوغىلاق تالىپچاق سەل - پەل ئۆڭگەندەك قىلىپ.

— سەن قارا پاقا نېمىنى بىلسەن!؟ — دەپ دوق قىلدى

زەردە بىلەن كېپەكجان . كېپەكجان ئادەتتە ئۇلارنى بەكمۇ ئىززەت قىلاتتى . بەزىدە تېخى ھۇجرىلىرىنى سۈپۈرۈپ ئەخلەتلىرىنىمۇ تۆكۈپ قوياتتى . ئۇلار ساۋاق تەكرارلاپ ۋاژىلداپ ئوقۇپ كېتىدىغان بولسا ، قاتتىق سۇپىدا چۆچۈرىدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ ئىخلاس بىلەن ئاڭلايتتى ، ھەتتا ساۋاتسىز قالغانلىقىغا پۇشۇقۇنۇپ ئۆتمۈش كۈنلەرنى قاخشاپ كېتەتتى . خۇشى تۇتقاندا ، پادىشاھى جەمشىدنىڭ چۆچەكلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى ، بەزىدە « ياغچى ئېلىيار غوجىكام بىلەن قىرىق بەڭگە » نىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىپ ، ئۇلارنى كۈلكىدىن تېلىقتۇرۇۋېتىپ قايتىپ چىقاتتى .
« بۈگۈن بۇ ئادەم بىزگە نېمانچە قاتتىق تېگىدۇ ؟ بىرەر سىر بارغۇ دەيمەن » دەپ ئويلىدى بىرىنچى تالىپ ۋە .

— كېپەكجان ئاكا ، خاپا بولمىسىلا . — دەپ بەزلىدى ئۇنى ، — بۈگۈن بىر ئىشتىن قاتتىق رەنجىپ قالغان ئوخشىمىلا ؟

— ھەببەللى ! بۇ گەپلىرىڭ جايىدا ئوكام ، — دېدى كۆزلىرى خۇمارلىشىپ تېخىمۇ يۇمۇلۇپ جۇۋالدۇزنىڭ كۆزىچىلىك بولۇپ قالغان كېپەكجان قولىدىكى قالدۇقتىن ئاخىرقى بىر نەپەس ئېلىپ ، يالجىپ يېنىۋاتقان ئوتقا ئېتىپ ، قار - يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلاپ ، — مەن بۇلارغا ئالدىراپ ئىشىنىپ ، غالچىلىقنى قىلىپتىمەن ئەمەسمۇ ! ... ماۋۇ ھەمدۇل ئىمام ، « چەك - چەك ، خۇدانىڭ ئىشقىدا چەك ، ئامۇ خاسلار بىلمىسۇن ، پىنھاندا چەك ! » دەپ يۈرسە ، مەن ئۇنى راستىنلا خۇدانىڭ پاك بەندىسى دەپ چاغلاپتىمەن . نەدىكىنى ! ئۇ ھۆپۈپنى يۇگىدىماي يەيدىغان ئادەمكەن . بىر يىلدىن بېرى قىلغان - ئەتكەنلىرى ئاز ئەمەس . سۆزلىسەڭ گەپ بولىدۇ ، سۆزلىمىسەڭ دەرد بولىدۇ . سىلەر ئاڭلاپ قېلىڭلار : بۇ يىل قىش ئوننىچى كەنت

ياردەمگە بەرگەن ئوتتۇز تال جەگىدىن ئون تېلى ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. ساقىلىم بىلەن ئۆزۈم توشۇپ بەردىم. ئۆتكەن يىل كۈزدە ھېلىقى چەت ئەلدىن كەلگەن باي ھاجىم بەش تىللا ھەدىيە قىلىۋېدى، ئىككى تىللانى گايىت بىلەن ئىككىسى مۈشۈك بالىسىنى يېگەندەك يەپ كەتتى. قالغان ئۈچىنى ئىشلەتتۇق دېدى - يۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. بۇ يىل قىش يۇقىرىقى مەھەللىدىكى سادىر دېگەن يالغۇز بالىنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتسە، يەنە مۇشۇ ھەمدۇل « ناماز ھەققىنى ئاۋۋال بەرمىسەڭ نامىزىنى چۈشۈرمەيمىز » دەپ بۇتتەك قېتىپ تۇرۇۋېلىپ، بىر قوينى شۇ يەردىلا ساتقۇزۇپ، پۇلنى چۆنتەككە ئۇرۇپ ئاران دېگەندە جىنازا ئالدىغا ئۆتتى. تېخى توپا بېشىدىكى شەرمەندىلىكنى دېمەيسەن. قىرىق يۇن يەرلىك ھەققى كېلىۋېدى، يانچۇقى قۇرۇق سادىر « ھۇ » تارتىپ يىغلاپ كەتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئىچى ئاغرىپ يانچۇقىنى كولاشقا باشلىۋېدى، شۇ گايىت ئاۋاق ئىتەك تۇتۇپ قوپتى. قاراپ تۇرسام، بەرمىدى دېگەنلىرى بەش موچەن، كۆپىنچىسى بىر - ئىككى كويدىن تاشلىدى. يېزىمىزنىڭ دوختۇرى ئەنۋەر نۆش يانچۇقىدىن زىغىررەڭ بىر قەغەزنى سۇغۇرۇپ تاشلىغان ئىدى، ئاۋاقنىڭ ئارىدەك بارماقلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. پۇلنى بىرەيلەن خالىس سانىدى. قاراپ تۇردۇم، تويپتوغرا ئەللىك بەش كوي چىقتى. ھېلىقى دوختۇر بەرگەن بىر قەغەز يوق. بىر پاش قىلىۋېتەي دېدىمۇ، « قويە، شۇ پەس لەقۋا باي بولۇپ كەتسۇن ! » دەپ ئويلاپ ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم.

— ئې، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، بەندىلىرىڭگە ئىنساپ بەرگەيسەن ! — دېدى بىر تالىپ ياقا چىشلەپ. قالغان ئىككى تالىپمۇ ھەيران بولۇشۇپ، ياقا تەشكەن سويمىدەك ئاغزىلىرىنى

ئېچىپ ئولتۇرۇشاتتى .

— مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلە ئۇكىلىرىم ، — دەپ سۆز ئالدى كىيپەكىجان ، — بىز بۇ مەسچىتنى كۆپچىلىكنىڭ پۇل - مېلى بىلەن سالدۇق . شۇنچە بەرگىنى يەتمەي يەنە جامەنىڭ مۇراسىمىنى ئۆتكۈزىمىز دەپ ، دېۋانىدەك خۇرجۇن - قاچا كۆتۈرۈپ چىقتۇق . خەلق دېگەن بىر دەريا ئىكەن . شۇ كۈنى كەم دېگەندە مىڭ كوي پۇل چۈشتى . مۇراسىم كۈنى تۆت يۈز توقسان ئۈچ كوي دەپ جاكار قىلىشاتتىدۇ . قالغىنى مۇشۇ ئىككى قىزىل كۆزنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كەتمەي نەگە باردۇ ؟ مۇنداق يالغانچىلارنىڭ زۇۋانىمۇ تۇتۇلۇپ قالمايدىكەن . « ئى خۇدا ، ۋەيلۇن دوزىخنىڭ راست بولسا ، قىيامەت كۈنى شۇنداق كاززاپلارنىڭ تىلىنى ئوتلۇق زەنجىرنىڭ بىلەن باغلاپ ، بۇزۇق دىلىنى زىخ بىلەن داغلاپ ئەدىبىنى بەرگەيسەن ... » دەپلا تىلەيدىغان بولدۇم . خەلقلەر بۇ ئىشنى بىلمەيدۇ . يەنە شۇ ناپاك ئادەملەرنىڭ بىرىنى ئىمام ، بىرىنى مەزىن ، يەنە بىرىنى مۇتىۋەللى دەپ سايلىشۋالدى . ھۆكۈمەتنىڭ مۇنداق ئىشلار بىلەن كارى بولمايدىغانمىدۇ ؟! نېمىدېگەن تويمايدىغان ئادەملەر بۇ ؟ بۇ يەردىن خۇددى لالما ئىت قارا ئۈجمىدىن بەزگەندەك بەزدىم . دېسەم گەپ تولا ... ئەمدى ئۇخلاپ قالامدۇق ؟

— شۇنداق قىلايلى ، — دېيىشتى تالىپلارمۇ . كىيپەكجان « يائاللا » دېگىنىچە ھۇجرىسى تەرەپكە ماڭدى .

ئەتىسى بامدات نامىزىدىن يېنىپلا ئۆگسۈلى يوق ھۇجرىغا كىرىپ كەلگەن ھەمدۇل ئىمام ئاخۇنۇم بىلەن گايت مەزىن يوتقانغا يۆگىنىپ ياتقان كىيپەكجان بىلەن شۇنداقلا بىر رەسمىيەت سالىمى قىلىشتى - دە :

— كېپەكبەگ، — دېدى ھەمدۇل ئىمام ئالدىغا سەل ئېگىلىپ، — نامازغا چىقالمىغانلىرىدىن بىئاپ بولۇپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەپ قالدۇق. ئەھۋاللىرى قانداقراق؟

— زۇكام تەگدىمىكىن، بېشىمنى كۆتۈرەلمەيۋاتىمەن، — كېپەكجان ئىنجىقلاپ قويىدى، — بامداتنىمۇ قازا قىلدىم...

— ھېچقىسى يوق. بىئاپ بەندىسىنى ئاللا كەچۈرىدۇ، — ھەمدۇل ئىمام يەنە نېمىلەرنىدۇ دېگەندىن كېيىن قوشۇپ قويىدى، — مېنىڭمۇ تازا مىجەزىم يوق، ناشتىغا ئۆگرە ئېتىشنى بۇيرۇپ قويغان ئىدىم، بىز بىلەن بېرىپ، ئىسسىقلىرىنى ئىچىپ تازا بىر تەرلىسىلە ئۇستىخانلىرى يەڭگىپ، باشلىرىنىڭ ئاغرىقى كۆتۈرۈلۈپ كەتسە ئەجەب ئەمەس. يەنە تېخى ئۆزلىرى بىلەن قىلىشىدىغان مەسلىھەتىمىزمۇ بار...

«ئۆگرە» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ كېپەكجاننىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلغان ئىدى. «مەسلىھەت» دېگەن سۆز ئۇنىڭغا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئۇ ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىپ يۈرمەيلا يالغاندىن ئىنجىقلاپ ئورنىدىن قوپتى.

ئاخشام بولغان گەپ - سۆزلەرنى يېرىم كېچە بىلەن ھېلىقى تالىپلارنىڭ بىرى ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ قۇلىقىغا قۇيغان ئىدى. ئىمام ئاخۇنۇم ئۇنى بۇيرۇپ گايىت مەزىننى ئويغىتىپ كەلدى - دە، ھەممە گەپنى بىر - بىرلەپ سەمىگە سالدى، گايىت مەزىن غەزەپلىنىپ، كېپەكجاننى جامەدىن ھەيدەپ چىقىرىش تەلىپىنى قويىدى. كۆپنى كۆرگەن ھەمدۇل ئىمام بۇ گەپكە كۆنمىدى - دە، شالاڭ، قىزغۇچ ساقاللىرىنى تۇتاملاپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— گايىت ئاخۇن، ئۆزلىرىنى خېلى ئاقىل ئادەم چاغلاپ

يۈرسەم، بەكمۇ كالتە پەم ئىكەنلا. ئۇنداق قىلساق، كويىقاپنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ ئاچقاندەك ئىش بولۇپ، سەللە - پەرىجىلىرىمىزنى قارا قويۇق ئۇچۇرۇپ كېتەرمىكىن؟...

— ئەمىسە، قانداق قىلىمىز؟

— ئىتنىڭ ئاغزى سۆڭەك بىلەن بېسىقىدۇ.

— ھە؟ خوش - خوش، شۇ... شۇنداق بولمامدىغان، ھە، ھە...

— ئۇنى ئۆزلىرىگە ياردەمچى مەزىن قىلىپ تەيىنلەيمىز، ئەتىگەنلىككە مۇشۇ ئۆيدە ئىككى يۈز كوينى ئالدىغا قويىمىز، يۈز كوي مەندىن، يۈز كوي ئۆزلىرىدىن بولىدۇ...

مەسلىھەت پىشقاندا، گايىت مەزىننىڭ ياداڭغۇ چىرايىغا سەل - پەل كۈلكە ياماشتى. ئۇلار باش توخۇ چىللىغاندا يۆتىلىپ، چۈشكۈرۈشۈپ ئورنىدىن قوزغىلىشتى...

گۈپپۈلدەپ زىرە - قارىموۇچ پۇراپ تۇرغان قىيمىلىق ئۇگرىدىن ئىككى چىنە ئىچىپ ۋۇجۇدى يايراپ كەتكەن كېپەكجان دۇئادىن قولىنى چۈشۈرۈشىگە، ھەمدۇل ئىمام گەپ باشلىدى.

— كېپەكجان، — دېدى ئۇ، — نەچچە يىلنىڭىزى مەسچىتكە خالىس خىزمەت قىلىپ، جامائەتنى ئۇبدان رازى قىلدىلا. ئەمدىلىكتە مەسچىتنى نېخىمۇ كېڭەيتىپ قۇرۇۋالدۇق. ئويلانساق، گايىت سەزىن ئاخۇنۇم ياشىنىپ قاپتۇ، تېنىمۇ ئانچە ساق ئەمەس. بىرەر ياردەمچى ياندۈپ قويمىساق بولمىغۇدەك. شۇڭا ئۆزلىرىنى بۇ ئىشقا لايىق كۆردۇق. ئاز بولسىمۇ بۇ ئىككى يۈز يۈەننى خىراجەت قىلىپ، ئۇستىباشلىرىنى يەڭگۈشلىۋالسىلا.

بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان كېپەك ئاخۇن:

— هوي ، تەقسىر ، بۇ ... مەن بۇنداق ئىلتىپاتقا لايىق ئەمەس ، — دەپ دۇدۇقلاۋېتىپ : « بايىنىڭ بەرگىنى خۇدانىڭ بەرگىنى ، ئالە كېپەكباي ، بۇلاپ ئالمىدىڭغۇ ! » دېگەننى ئويلىدى - دە ، تىترەۋاتقان قوللىرىنى پۇلغا ئۇزاتتى ھەم تەسلىكتە ، — رەھمەت ئاخۇنۇم ، بۇمۇ لازىم ئەمەس ئىدى ، — دەپ قويدى .

— پېقىرنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ قالغانلىقلىرىنى ئەتە جۈمە نامىزىنىڭ ئاخىرىدا جامائەتكە جاكارلايمىز . جۈمە نامىزىدىن بۇرۇن ئۆزلىرىگە سەللە ، پەرىجە ، ئىسكىلاچ مەسە سېتىۋالسىلا . جۈمە نامىزىغا ئۆزلىرى ئەزان توۋلايلا . بۇگۈندىن ئېتىبارەن غەيۋەت - شىكايەت ، نەھى قىلمىشلاردىن خالى بولۇشىمىز كېرەك ، گۇناھ بولىدۇ ، — دېدى گايىت مەزىنىمۇ ئېزىپ ئىچۈرۈپ .

« ئاخىرىدا چېقىۋالدىڭ چايان » دەپ ئويلىدى كېپەك ئاخۇن .

ئەتىسى جۈمە ۋاقتى بولغۇچە كېپەك ئاخۇن كىرىۋالدىغان بىر كاۋاك ئىزدەپ ئاۋارە بولدى . كىيىم - كېچەكمۇ ئېلىشقا چىقمىدى . يېزىنىڭ بۇ كالتە بازىرىدا نەدىمۇ مەزىنگە لايىق سەرپاي بولسۇن . شەھەرگە بېرىش كېرەك - تە . راست گەپنى قىلغاندا ، كېپەك ئاخۇنىنىڭ مەسچىت ھاياتىغا بەش يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئەزان ئېيتىشنى بىلمەيتتى ، ئۆزىنىڭ مەزىنلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى . شۇنداق قىلىپ ، جۈمە ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ، كېپەك ئاخۇن چوڭ ئۆستەڭ بويىدىكى بوستانلىق ئىچىگە چۆكۈپ ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ياتتى . خۇمارى تازا تۇتتى - يۇ ، ئۆزىنى بېسىپ ، ئاچچىق تاماكا ئوراپ چېكىپ ۋاقىتنى كۈتتى . ئاخىر ئەزانمۇ چىقتى . كېپەك ئاخۇن ئۇلۇغ بىر

نەپەس ئالدى - دە، ئۆستەڭ لېۋىگە كېلىپ، تالىپ باللارنىڭ ئۆگەتكەن تەلىمى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ تەرەت ئالدى. ئەڭ ئاخىرقى «ۋاقتى ناماز !...» جاكارسىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ مەسچىتكە يېتىپ كەلگەندە، جامائەت سەپكە تۇرۇپ بولغان ئىدى. بىر كەمدە گايىت مەزىننىڭ «سەپراس !» دەپ ۋارقىرىغان چىرقىراق ئاۋازى ئىچكىرىدىن ئاڭلاندى. كېپەكبايمۇ بوش كەلمىدى. تەۋەككۇل دەرياسىغا «سالدىم كېمەمنى» دېدىمۇ نېمە، بوم ئاۋازى بىلەن «سەپراس ! سەپراس !» دەپ ئۈچ مەرتىۋە تowۋلىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىچكىرىدىكى ئىمام بىلەن مەزىنگە «ئاكاڭ قارىغاي بۇ يەردە» دەپ بەرگەن بىشارىتى ئىدى.

دەرۋەقە، جۈمە ئوقۇلۇپ بولغاندا، ھەمدۇل ئىمام كېپەكباينىڭ ياردەمچى مەزىنلىككە تەيىنلەنگەنلىكىنى، بۇرۇنقى ۋەزىپىسىنىمۇ ئىشلەۋېرىدىغانلىقىنى، ھەر ئايدا جامائەتتىن ئوتتۇز كوي يىغىپ بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بەزىلەر كۈلۈشتى، بەزىلەر ياقا تۇتۇشتى ۋە بەزىلەر مۇبارەكلەشتى. شۇنداق قىلىپ مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىسم - شەرىپىگە «مەزىن» دېگەن ئۇلۇغ نام قوشۇلدى. كېپەك مەزىننىڭ ياشلاردىن ئۆلپەتلىرى خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلار بىلەن ئۆستەڭ بويلىرىدا، بوتكىلار ئالدىدا تونۇشقان ئىدى. ئەمدى ئۇلار گەپ بىلەن قىچقىلاپ ئارام بەرمەيدىغان بولۇۋالدى.

كېپەك ئاخۇن مەزىن بولۇپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ئالدىراش بىر ئىش بىلەن كېلىۋاتقان ئىدى، تۆت كوچا دوقمۇشىدا يىغىلىپ قالغان پاراڭچى ياشلاردىن بىرى:

— كېپەك مەزىن، ئىشلىرى بەك ئالدىراشقۇ؟ نەگە ماڭدىلا ؟ — دېدى.

— ئۆستەڭ بويى بەك پەيزى بولۇپ كەتتى جۇمۇگلار، ئاغىنىلەر، — دېدى يەنە بىر بەگباش يىگىت. كېپەك مەزىن نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي، ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. بۇ ئىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندا، مەزىن ئاخۇنۇم كوچىغا چىقمايمۇ باقتى، يەنە چىقماي بولمىدى. ئۇنىڭ خۇمارى پات - پاتلا قىستاپ قويغاچ، چىڭقى چۈش، خۇپتەندىن كېيىن ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ قالاتتى. شۇنچە پىنھان دەپ قارىغان جايدىمۇ ھېلىقى كەپسىز ياشلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالاتتى - دە، يېرىم كېچىلەرگىچە پىننەك تارتىشىپ كېتەتتى. ئاخىر ئەزان تووۋلاشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. يېقىندىن بېرى گايىت مەزىن بامدات ۋە پېشىنگە ئەزان تووۋلاشنى كېپەك مەزىنگىلا بەخشەندە قىلىۋەتكەچكە، خۇمارى تۇتۇپ، كۆزلىرى پۈرۈلۈپ كەتسىمۇ چىدايدىغان بولدى.

كېپەك مەزىنىنىڭ ئىشلىرى ئىككى ئايچە داۋاملاشتى. ئەتراپىنى ئالتۇن كۆز مەزىرىسى قاپلاشقا باشلىدى. كېپەك مەزىنىنىڭ خىيالى «خۇدا بۇيرۇسا، كېلەر يىلى مۇشۇ كەمگىچە يەتكۈدەك يىغىۋالسام» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ يېزىلاردىكى كونا چۆپقەتلىرى ئەسكى لاتىلارغا مونەكلەرنى ئوراپ ئېلىپ كېلىشىدىغان بولۇشتى. بەزىلىرى تېخى «ئوخشاش، بولدى - بولدى، مۇنچىلىك نەرسىگىمۇ... كەندىرنى ئۆزۈم تېرىغان...» دېگەندەك پەش - كۇشلار، تەكەللۇپ سۆزلەر بىلەن پۇل ئالغىلى ئۇنىمايدۇ.

مانا بۇگۇن يەكشەنبە. بۇگۈن كېپەك مەزىنىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى كونا چۆپقەتلىرىدىن بىرى ئۇچراپ قالدى - دە، ئۇنى ئاشپۇزۇلغا باشلاپ، پېترمانتا بىلەن مېھمان قىلىپ، بىردەم

ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن . ئاپتاپ يەپ مەلەق بولۇپ كەتكىنىدىن توخۇ تۇخۇمى چوڭلۇقىدا بىر دۈگىلەك تەقدىم قىلىدى - دە ، تەرىپلەپ ماختاشقا باشلىدى . كېپەك مەزىنىنىڭ نەپەسلىرى قۇرۇپ ، شۆلگەيلىرى ئېقىپ ، خۇمارى گەجگىسىدىن تۇتتى . ئۇلار ئاشپۇزۇلدىن چىقىشىپ چوڭ ئۆستەڭ بويىغا بېرىشتى - دە ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ ، قولدىن قولغا سۇنۇشۇپ راسا چېكىشىۋالدى . كۆزلىرى ئالىچەكمەن ، دىللىرى پەرىشان بولۇپ ، يۆلىنىپ ئولتۇرغان سۆگەتنىڭ سايىسىدا ئۇيقۇغا كېتىشتى .

تېخى ئانچە ۋاقىت ئۆتمىگەن ئىدى . ئۆستەڭ بويىغا تۇتاش ئېتىزلاردا ئوت يەۋاتقان بىر سېيىرنىڭ موزىيىنى چاقىرىپ قاتتىق مۆرىگەن ئاۋازى كېپەك مەزىننى ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى . ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى - يۇ ، گاراڭلاشقان ئەپتىنى كۆتۈرۈپ ، ھېچ نەرسىگە قارىماي مەسچىتكە قاراپ ماڭدى . بازاردا ئادەم كۆپىيىپ قالغان ئىدى . ئۇياق - بۇياقتا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر كېپەك مەزىنىنىڭ كۆزىگە بىر تۈرۈپ ئالىيىشىل بايىراقلاردەك ، بىر تۈرۈپ سودىگەرنىڭ ئۇزۇن تانىغا ئارتىۋەتكەن يايىمىلىرىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي بېرىپ جامە دەرۋازىسىنى ئاچتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، پېشىنگە ئەزان چىللاش ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى . شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆملەپ يۈرۈپ ، مىنىڭ بالالىقتا پەشتاققا چىقتى . جامە ئەتراپىدىكى ھۆپىگەرلەرنىڭ كۈزلۈك بازار سودىسى ئەمدىلا قىزىۋاتقان ئىدى . كېپەك مەزىن پېشىنگە ئەزان باشلىۋەتتى . « ئاللا ...ھۇ ئەكبەر! ...» دېدى - دە ، جىمىپ قالدى . ئارىدىن بىر مەھەل ئۆتتى . « ئاللا ... ھۇ ئەكبەر ! ... » يەنە تەكرارلىدى . سودىگەرلەر سائەتلىرىگە ،

دېھقانلار كۆنگە قاراشتى . « ئاللا ... ھۇ ئەكبەر ! ... » يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى . ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتتى . ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرغانلار ھەيران بولۇشاتتى . « ئاللا ... ھۇ ... ئەكبەر ! » دېگەن توۋلاش تۆتىنچى قېتىم تەكرارلاندى . مانا ئەمدى كۆلكىدىن باشقا گەپكە ئورۇن قالمىدى . شۇنداقتىمۇ ئەزاننىڭ ئاخىرى چىقىش لازىم ئىدى . ئۇنىڭدىنمۇ سادا يوق . ئون مىنۇت ، يىگىرمە مىنۇت ، يەنە جىمجىت . ئەتراپتىكىلەردىن بىر قانچىسى مەسچىت ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى ـ دە ، بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ پەشتاق ئۈستىگە چىقىشتى . كېپەك مەزىننىڭ ئەپتىگە قاراپ جىددىيلەشتى . باش ـ كۆزلىرى قىپقىزىل قانغا بويالغان مەزىن پەشتاق ئۈستى پەلەمپىيىنىڭ ئاستىدا خارقىراپ ياتاتتى . ئۇنى كىشىلەر دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىشتى . كېپەك مەزىننىڭ يۈز ـ كۆزلىرى ئۇ يەر ، بۇ يەردىن بولۇپ يەتتە ـ سەككىز يېرىلىق يامالدى . شۇ سەۋەبتىن بالنىستا 15 كۈنچە يېتىپ قالدى . ئۇ ئەمدى دوختۇرخانىدىن چىقماقچى بولۇپ ، سېسترا قىزلاردىن ئەينەك سورىدى . ئۇ ئەينەككە قاراپ ئاچچىق خۇرسىنىش بىلەن كىنايىلىك كۈلۈپ : « ھە ، ‹ كېپەك ناتوۇق › يېڭى لەقەملىرىڭگە مۇبارەك بولغاي ! ـــ دېدى ـ يۇ ، ئوڭ قول بارماقلىرىنى ساناپ : ھە ، كېپەك قىمارۋاز ، كېپەك چولاق ، كېپەك سالجا ، كېپەك مەزىن ، مانا بولدۇڭ كېپەك ناتوۇق ، ئاخىرقى مەرتىۋەڭ ئاخىرقى يالدامىنى قالدۇردى . ئەمدى نەگە بارارسەن ؟ » دەپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى . دوختۇر ، سېسترالار ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى .

ـــ يوتقان ـ كۆرپەم تۇرۇپ تۇرسۇن ، ـــ دېدى كېپەك مەزىن ھېسابىنى ئۈزۈپ ، ياتاقتىن قايتىپ چىقىدىغان چاغدا .

ـــ بىزنىڭ يولداشلاردىن بىرى ھۇجرىلىرىغا يەتكۈزۈپ

بەرسۇنمۇ ؟ — دەپ سورىدى دوختۇر .
— ياق ، ئەمدى ئۇ يەرگە بارمايمەن . ئاخىرقى ئۆمرۈمدە هالال نان يەپ ، هالال ياشايدىغان يولغا قەدەم تاشلىماقچىمەن . هازىرلا كەنت باشلىقىنىڭ قېشىغا بېرىپ ، تۇرىدىغان ماكان ، تېرىيدىغان يەر تەلەپ قىلىمەن ، — دەپ دوختۇرخانىدىن چىقتى كېپەك ئاخۇن .
ئۇ ئېغىر يۆتكىلىپ قۇتۇلغانىدەك يەڭگىل چامدىدى ۋە ئەتراپتىكى هەممە نەرسە ئۆزىگە قاراپ تەبەسسۇم قىلىۋاتقاندەك دىلى يايراپ كەتتى .

1988 - يىل 1 - ئاي ، ئۈچتۇرپان

# سىيىت نوچى ئۆچتۆرپاندا

1917 - يىلى. باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئىلىدىن جەنۇب تەرەپكە كېلىۋاتقان ئات كارۋانلىرى ئىچىدە پېشانىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئېچىلىپ تۇرغان ئاق لەيلىگە ئوخشاش قاشقىسى بار، كەڭ تۇياق، ئىنچىكە پاقالچاق، ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن، بەللىرى ئۇزۇن قارا ئارغىماقتا مىنگەن 40 ياش چامىسىدىكى بىر كىشى ئات ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ، ئېگىز تاغ تىزمىلىرىغا، ئىدىرلارغا زەن سېلىپ كەلمەكتە ئىدى. يىگىت قولىدىكى چىرايلىق نەقىشلەنگەن، تۇچلىرى ئالتۇندەك پارقىراق قارا دەستىلىك قامچىسىنى چەبدەسلىك بىلەن ئوينىتىپ، كەڭ پېشانىسىنى بېسىپ تۇرغان تۈلكە قۇلاقچىسىنىڭ ئالدىنى بىلىنەر - بىلىنمەس كۆتۈرۈپ قوياتتى.

«خۇددى ئىلىدىكى سوغۇق بىزگە ئەگىشىپ بۇ يەرگىچە كەلگەندەك، بۇ تاغلارمۇ قىشلىق يوتقانلىرىدىن تېخى چىقىپ بولالمىغان ئوخشايدۇ» دەپ پىچىرلىدى ھېلىقى يىگىت ئۆز - ئۆزىگە ۋە ئۈستىگە ئېغىر يۈكلەر ئارتىلغان، كۆكسىلىرى چىرايلىق پوپۇكلار بىلەن بېزەلگەن، گاھىلىرىنىڭ بويىنىغا ئالتۇن رەڭلىك تۇچ قوڭغۇراق ئېسىلغان، يولدىن چىقماي تەكشى كېتىپ بارغان ئاتلار توپىغا نەزەر سالدى. ئۇ مىنگەن ئاق قاشقىنىڭ قۇلاق تۈۋلىرى ئازراق نەملىشىپ، ئۈستىگە يېپىلغان قىزىل يوللۇق قىل

يـوپـۇقتىن بىلىنەر - بىلىنمەس هور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . يىگىت ئاللىـقانـداقـتـۇر خىياللارغا بەنت بولۇپ قالدىمۇ ياكى يول ئازابى سەۋەبلىـكـمۇ ئاسـتىدىكى ئاتنىڭ هارغانلىقىنى پەم قىلمىغاندەك كارۋان توپىنىڭ بىر چېتىدە يۈرۈپ كېلەتتى .

ئاتلارنىڭ بويىندىكى قوڭغۇراقلارنىڭ ئەكس ساداسى تاغ چوقـقىلىـرىنى زىلزىلىـگە سېلىپ ، ئاپئاق لىباسلار ئىچىدە ئۇخلاۋاتقان تەگرىتاغلىرىنى ئويغىتىپ ، ئىللىق باهارنى ئۆز يېنىغا چاقىـرىۋاتـقاندەك تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى . دېمىسىمۇ ، 100 گە يېقىن ئاتنىـڭ شـەپىسگە قوشۇلۇپ جاراڭلاۋاتقان قوڭغۇراقلار ساداسى ئاللىـقانداق قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى ياكى جەڭ يۈرۈشى قىلغان لەشكەرلەرنىڭ نەرە تارتىشلىرىنى ئەسلىتەتتى . بۇ كارۋانلارنىڭ بەزىلىـرى يېقىن - يېقىن مېڭىپ ئۆز سەرگۈزەشتلىرى ئۈستىدە ئېغىز ئاچسا ، بەزىلىرى خۇدانىڭ رەهمىتى بىلەن خەتەردىن ئامان قالغىنىغا شۈكۈر قىلىشاتتى .

كەڭ قـايـرىـما ياقىلىق ، قارا تاشلىق جۇۋىسىنىڭ پېشىنى يوتىسى ئاستىغا مەهكەم باسۇرغان بەستلىك بىر كىشى هېچكىمنىڭ پـارـىـگـىـغـا ئارىلاشـمايتتى . ئۇنىڭ قانداق خىياللارغا بەنت بولۇپ كېلىـۋاتـقانـلـىقى بـاشقىلارغا قاراڭغۇ ئىدى . شۇ ئەسنادا ئارقا تـەرەپـتـىـن ئاڭلانـغـان ئۇنـلۇك ئاۋاز ( 50 يـاشلار چـامـىسىدىكى قـارافـاش ، ئورا كـۆزرەك كـەلـگـەن كـارۋان بـېـشـىنىڭ ) ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى .

— سـىـيـت نـوچـى ! مـۇزاتـنـىـڭ داۋىنى يۈرەكلىرىنى مـۇجـۇۋەتـتـىمۇ قانداق ؟ مۇز داۋاندىن ئاشماستا ئىلى ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ مـاڭـاتـتـۇق ، سادىر پالۋان ناخشىلىرى قاتمۇ قات تاغلارنى جاراڭلىتىۋەتكەن ئىدى ، ئەمدى نېمە بولدى ؟

— يوقسۇ كارۋان بېشى، ئۆزلىرىدەك سايىۋىنىمىز تۇرغان يەردە مەن نېمە غەم قىلاتتىم ؟ — دېدى سىيىت نوچى تەبەسسۇم ئارىلاش.

— خىيالى ئىلىدا قالغانمىكىن – تاڭ ؟ — دېدى 30 ياشلار چامىسىدىكى شوخ يىگىت داۋۇت.

— ئاكاڭنىڭ خىيالى سىڭىلىڭ خىيالىڭدەك كەلسە – كەلمەس يەرلەردە يۈرمەيدۇ، — دېدى سىيىت نوچى ھازىر جاۋابلىق بىلەن.

— ئىچىم يۇشۇپ ناخشا سېغىنىپ قالدىم، سادىر پالۋاننىڭ ناخشىلىرىنى سىيىت نوچىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىسام دەيمەن، — دېدى كارۋان بېشى تۇراپ گەپىنى ئۈزۈپ ۋە ئارقىدىنلا بايىقى يىگىتكە قاراپ بۇيرۇق قىلدى، — ئاتلارنىڭ قوڭغۇراقلىرىنى ئېلىپ تاشلاڭلار!

— ناۋادا، باشقىلاردەك ناخشىنى قاملاشتۇرۇپ ئوقۇيالايدىغان بولسام ئىش بار ئىكەن – دە كارۋان بېشى، — دەپ كۈلۈپ قويدى سىيىت نوچى.

— شۇنداق بولماي، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى تۇراپ كارۋان بېشى بۇرۇتلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تۈزەپ قويۇپ، — ئۆزلىرىگە مەنلا ئەمەس، پۈتكۈل خالايىق تىكىلىۋاتىدۇ... شۇنداق دەپ قويسام ئاسمانغا چىقىپ كەتمىسىلە يەنە.

سەپەرداشلىرىنىڭ سەممىي چاقچاقلىرىدىن مەمنۇن بولغان سىيىت نوچى ئۆزىمۇ سەزمەستىن قاقاقلاپ كۈلدى.

— خوش، كۈلكە شۇنچىلىك بولسۇن، بۇ جاھاننىڭ كۈلگىنچىلىكى يوق، سەپەرداشلار سىيىت نوچىنىڭ ئېغىزىدىن

ناخشا ئاڭلايمىز ، خەيشۇك ، — دېدى تۇراپ كارۋان بېشى سىيىت نوچىغا قاراپ .

سىيىت نوچى ناخشىنى باشلىۋەتتى :

ئاتلىرىنى ھەيدەيدىكەن ،
مۇز داۋان بىلەن .
بىر ياخشىنى قىينايدىكەن ،
بىر يامان بىلەن .

قارىسام ھېچ كۆرۈنمەس ،
تەلكىنىڭ تاغى .
شۇنچە يامان بولارمۇ ،
ئايرىلىش داغى .

يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان يۇرۇشلۇك ناخشا ساداسى تاغۇ - تاشلارغا جان كىرگۈزگەندەك ئەتراپ جاراڭلىماقتا ، كارۋانلار قۇلاقلىرىنى سىيىت نوچىدىن ئۆزمەي ئۇن - تىنسىز يۈرمەكتە ئىدى . شۇ ئەسنادا سىيىت نوچى ناخشىسىنى « سادىر پالۋان » غا يۆتكىۋېدى ، ئارىدا ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن كارۋانلار باشقىچە روھلىنىشتى ، بەزىلىرى ھەسرەتلىك ئۇھ تارتاتتى . سىيىت نوچىنىڭ ناخشىسى داۋام ئەتمەكتە :

سادىرمەنۇ - سادىرمەن ،
سادىر بولماي كىمدۇرمەن .
تاغ يولىنى سورىساڭ ،
ھەممە جايىنى بىلۇرمەن .

سادىر دەپ ئېتىم يامان ،
15 ياشتا ئاتالغان .
دەسلەپكى تۇتۇلغاندا ،
قۇمۇلخانغا پالانغان .

كۆرە يولىدا يۈرۈپ ،
مەپەك سۇندىمۇ شەنگەن ؟
سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ ،
كۆڭلۈڭ تىندىمۇ شەنگەن ؟

يامۇلنىڭ ياغاچلارى ،
ئېگىز قارىغاي چەنزە .
يامۇلدىن قېچىپ چىققان ،
سادىر ئۆزى خوخەنزە .

— خۇدا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزاق قىلىپ ، مۇرادلىرىغا يەتكۈزسۇن ، سېيىت نوچى ! — دېدى تۇراپ كارۋان بېشى ناخشا ئاخىرلاشقاندا تولىمۇ رازىمەنلىك بىلەن ئۈنلۈك ئاۋازدا ، — ئۆزلىرىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ، چۈچۈك گەپلىرى ، قىزىقارلىق كەچۈرمىشلىرى بىزنى بۇ ئۇزۇن يولدىن زېرىكتۈرمەي ئاقسۇغا ئېلىپ كەلدى .
— قېرىنداشلىرىم بىلەن قىلغان بۇ سەپىرىم مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز بولدى ، — دېدى سېيىت نوچى دەرھال .
— سەپىرىمىزغۇ كۆڭۈللۈك بولدى ، — دېدى داۋۇت گەپنى ئاستا - ئاستا چاقچاقتا ئايلاندۇرۇپ ۋە كىنايە ئارىلاش ئىلى تەرەپكە كېتىۋاتقان گەپ - سۆزگە ماسلاشتۇرۇپ ، — ھەممىدىن ما بايۋەتچىگە « ئۇۋال » بولدى .

— راست دەيسەن ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى تېخىچە گەپكە ئارىلاشماي كېلىۋاتقان بىرى ، — ئۇ بىچارىنىڭ تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە يېنى يەرگە تەگمىگەن ئىكەن ، بۇ نۆۋەت سىيىت نوچى ئۇنى ساماۋەرنىڭ ئالدىدا تازا ئوسال قىلدى .

— ئۇ مۇتىھەم خۇمسىنى ئوبدان جايلىدى ، — دېدى كارۋان بېشى مەغرۇر ھالدا ، — ئەگەر شۇ كۇنلەردە ئۇنى ئاتقا غانجۇغىلاپ ئىلى جياڭجۇنىگە سوۋغا قىلمىغان بولسا ، ئۇ يالاقچىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ يۇرۇپ ئىلى ياشلىرىنى خېلىلا بوزەك ئەتكەن بولاتتى .

— مېنىڭچە ، بۇ ئىشتا ئىلى جياڭجۇنى ھېچ رەنجىگەندەك قىلمايدۇ ، — دېدى داۋۇت سىيىت نوچىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ ، — ناۋادا رەنجىگەن بولسا مانا بۇ ئارغىماقتەك ئىككى ئاتنى سۇلتانباي ئارقىلىق سىيىت نوچىغا تارتۇق قىلىپ چىقارمىغان بولاتتى .

— ياق ، ياق ، گەپ مۇنداق ، — دەپ سۆز ئالدى كارۋان بېشى ، — ما بايۋەچچە ۋە ئۇنىڭ سالۇكلىرىنىڭ ھالىنى كۇرگەن جياڭجۇن ، سىيىت نوچىنى قاماپ ، مويدۇڭزىدا سېستىۋەتمەكچى بولغان . بىراق ئۇ ، سۇلتانبايدىن ئىلى پۇقرالىرى بولۇپمۇ كەڭ ياشلارنىڭ سىيىت نوچى بىلەن بولغان تولىمۇ يېقىن مۇناسىۋىتىنى ئاڭلاپ قالغان ؛ ئەگەر سىيىت نوچىنى قامايدىغان بولسا ، شۇ سەۋەبلىك ئىلى پۇقرالىرىنىڭ قوزغىلىپ جياڭجۇن مەھكىمىسىنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەن . شۇنداقمۇ دەيمىز ، لېكىن سۇلتانبايمۇ ئىلىدىكى مۆھىم ئادەم . يەنە بىر تەرەپتىن ۋاڭنىڭ تىلى ، جىق ئىشلارنى شۇ ئادەم تۈزەپ كېتىدۇ . ئۇنداق بولمىغاندا ... سىيىت نوچى ئىلى ياشلىرىنىڭ قەددىنى بىر رۇسلاپ

قويدى. ھەر نېمىدېگەنبىلەن بۇ ئىشتا ما جەمەتنىڭ يۈرىكى بىر قېتىم مۇجۇلدى. مانا ئەمدى ئىلى پۇقرالىرىنى بۇرۇنقىدەك دەپسەندە قىلالمايدۇ.

كارۋانلار ئەنە شۇنداق ھەر خىل پاراڭلار بىلەن شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئاقسۇغا كېلىپ سارايغا چۈشۈشتى. بۇ يەردە بىر قانچە كۈن ھاردۇق ئالغاچ يارەنلەر ھەم سەپەرداشلار ئۆزئارا ھال - مۇڭ بولۇشتى. بۇ كۈنلەردە سېيت نوچى ھەدېگەندە كارۋانلارنى ئۈچتۇرپان يولى ئارقىلىق قەشقەرگە كېتىشكە ئۈندەيتتى. كارۋان بېشى تۇران: « تۈز يول بىلەن بىرگە كەتسەك، ئۈچتۇرپان بىلەن ماگساق قاقشالنىڭ مۇشكۈل يوللىرىغا دۇچ كېلىمىز. داۋان كۆپ، يۈك ئېغىر، ئاتلارغا ئۇۋال بولىدۇ » دەيتتى.

شۇنداق قىلىپ، سەپەرداشلار ئاقسۇدا ئايرىلىشتى. سېيت نوچى ئاتا - ئانىسى، ئاكا - ئىنى - سىڭىللىرىغا ئاز - تولىدىن سوۋغا - سالام تەييارلاپ كارۋان بېشىغا تۇتتى. ھەمدە: « مەن ئۈچتۇرپانغا چىقىپ، پات پۇرسەتتە قەشقەرگە بارىمەن، ئۆيدىكىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشىمەن، سەپەرلىرىگە ئاق يول بولسۇن » دەپ خوشلاشتى.

شۇ يىل باش باھاردا سېيت نوچى ئۈچتۇرپانغا سالامەت يېتىپ كەلدى. ئۇنى، تۆت ئەتراپى ئانچە ئېگىز بولمىغان تاغلار بىلەن تەبىئىي قورغانغا ئايلانغان ئۈچتۇرپان ئۆزىنىڭ يېشىل بوستانلىقىغا ئايلانغان گۈزەل ھۆسنى بىلەن قارشى ئالدى.

ئۇ ئاقيار بازىرىدىن ئۆتۈپ، ئاچتاغ بازىرى ئىچىدىكى بىر دۆڭلۈكتە ئاتنى ئوت چالدۇرۇۋېلىپ شەھەر تەرەپكە جۆنىدى. بىر يېرى تار، بىر يېرى كەڭ، ئەگرى - توقاي، ئېگىز - پەس بۇ

يوللاردا سىيىت نوچى گاھ ئاتلىق ، ئېشەكلىك ، پىيادە كېتىۋاتقان ئادەملەر ؛ گاھى ئوتۇن ـ سامان ئارتقان ئېشەكلەر توپى ، ھەر خىل يۈك باسقان يارىيار هارۋىلارنىڭ چاقلىرىنى غىچىرلىتىپ شەھەر تەرەپكە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرەتتى . يولنىڭ تارلىقىدىن ئىككى تەرەپتىن دوقۇرۇشۇپ كەلگەن هارۋىلار بىر ـ بىرىگە سوقۇشۇپ ، هارۋىكەشلەر ئۆزئارا ۋارقىرىشىپ ، تاپا ـ تەنە قىلىشىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى . ئۇزۇن توپىلىق يوللاردا تولا مېڭىپ ياغىراپ كەتكەن يارىيار هارۋىلارنىڭ قىژغىل ـ تاغىل غىچىلداشلىرى ئەتراپنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى .

سىيىت نوچى يولۇچىلارنى ئارىلاپ قەدەمنى تېزلەتكەنسىرى ئىككى قاسىنقى بۈك ـ باراقسان تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان بۇ يىلانباغرى يولدا ھەر خىل ئۇلاغ كارۋىنىنىڭ ئۈزۈلمەي كېتىپ بارغىنىغا قاراپ ، « بازارمىكىن دېسەم تېخى ، ئەمەس دېسەم ئادەم كۆپ ، تۇگىمەيدۇ » دەپ ئويلاپ ، يولۇچىلارنىڭ بىرەرسىدىن گەپ سوراپ باققۇسى كەلدى ـ يۇ ، لېكىن ھېچ كىشىگە گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى . ئۇ يار كۆۋرۈككە كېلىپلا ، بۇ ئۆزۈلمەس ئادەم ، ئۇلاغ دېڭىزى ئارىسىدا قوللىرىغا قامچا تۇتقان يەرلىك بەگ ، دوغا ، ياىيلارغا . چاپىنىنىڭ پېشىنى يۇغىشتۇرالماي ئاتقا ئاران ئولتۇرۇپ ، كېلەڭسىز قىلىچلىرىنى تەڭلىگىنىچە ، كىشىلەرگە : « ماڭ ، تېز ماڭ ، چاپسان ماڭ » دەپ ھەيۋە قىلىپ كېتىپ بارغان قارا چاپانلىق چىرىكلەرگە ئۇچرىدى . « ھە ... بۇ ھۆكۈمەتكە ئالۋاڭ ئېلىپ كېتىپ بارغان بىچارىلەر ئىكەن ـ دە » دېگەن ئويغا كەلدى ، سىيىت نوچى .

سىيىت نوچى يار كۆۋرۈكنىڭ « ئىلغىش دۆڭ » دېگەن يېرىدە كېتىۋېتىپ ، 60 ياشلاردىن ئاشقان ، جۇل ـ جۇل

كىيىملىك بىر ئاقساقال ئادەمنىڭ ياۋۇز تەلەت بىرسى تەرىپىدىن زەھەرلىنىك تىللار بىلەن ھاقارەتلىنىپ، يولنىڭ بىر چېتىدە باش ئېگىپ تۇرغىنىچە سوراق قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، غەزىپىگە پايلىماي ئارىلاشتى:

— سىلەرگە نېمە بولدى؟

— يولۇڭغا ماڭ، — دېدى ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن ياۋۇز تەلەت كىشى سىيىت نوچىغا قاراپمۇ قويماستىن.

— ساڭا ئېسىلغىنىم يوق، — دەپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى سىيىت نوچى.

— خوش بېگىم، مەن كۆرمەپتىمەن، ئەپۇ قىلسىلا، — دېدى ھېلىقى كىشى، دەرھال ئارقىسىغا قاراپ قاتتىق غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، ياتلا بىر ئادەمنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ.

— مەن بەگ ئەمەس، بەگلىك سەنلەر بىلەن تۈگىسۇن! زادى نېمە بولدى، نېمانچە قىلىسەن؟ — يېنىشلاپ سورىدى سىيىت نوچى.

— خوش تەقسىر، بۇ قېرى قاقباشنىڭ كالىسى ھېرىپ قاپتىمىش، «ماڭالمايمەن، ئەتە بارىمەن» دەيدۇ. ئۆزلىرىمۇ ھۆكۈمەت كىشىسى ئوخشايلا، بۇگۈن بارسا ياخشى بولاتتى، ياڭ دارىن جانابلىرىنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش لازىم ئىدى، — دېدى بايىقى يامۇلنىڭ دورغىسى.

— ياڭ دارىنىڭ ئاچ قالمايدۇ. كالىسى ھېرىپ قالسا، بۇ بىچارىنىڭ ئۆزى سۆرەمدۇ؟ بىدە قۇرۇق بولسىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن، ماڭ كېتىۋەر، ئەتە بارسۇن! — دېدى سىيىت نوچى ئاچچىقلاپ.

— خوش ... — دېگىنىچە ئارقىغا بىر چامدام ياندى دورغا.

بىراق ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتى، بۇ ئادەمنىمۇ تونۇمايتتى. لېكىن سىيىت نوچىنىڭ قامىتى، كېلىشكەن ئاق قاشقا قارا ئېتى دورغىدا بۆلەكچە تەسىر پەيدا قىلدى. دورغا دورداي كالپۇكىنى يىغىشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمەي ھىيلىگەر پىت كۆزلىرىنى غەلىتە قىلىپ، ئېتىغا مىندى ــ دە، غىلىڭ قىلماي شەھەر تەرەپكە يول ئالدى.

سىيىت نوچى بوۋايدىن بىرەر قۇر ھال ــ ئەھۋال سوراپ، كالا ھارۋىسىنى ئېخىمۇ يولنىڭ چېتىگىرەك تارتىشىپ بېرىپ، «خوش» دېگىنىچە ئۆز يولىغا راۋان بولدى. بوۋاي بۇ سالاپەتلىك كىشىنىڭ رەھمەتلىلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇغىنىچە ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

سىيىت نوچى شەھەرگە يېقىنلىغانسېرى، ئۇنىڭ كۆزى ئۇچتۇرپان شەھىرىنىڭ كۈن چىقىش قورغىنى بولغان «تۇمشۇقتاغ»، مەشھۇر قولتۇق ھەدىگەرلىكىنىڭ ئېگىز چوققىسى ھەمدە گۈزەل باغ ـــ توقۇزبۇلاقنى ئوڭ يېنىغا بېسىپ ياتقان قارلىغاچ تاغ (مۆلجەرتاغ) قەلئەسىگە چۈشتى...

ئۇ، مۇندىن 25 يىل مۇقەددەم، ئاتا ــ ئانىسى بىلەن ئۇچتۇرپاندىن قەشقەرگە كۆچۈپ كېتىش ئالدىدا، دوستلىرى بىلەن قەلئە ئۈستىگە چىقىپ ئوينىغانلىقىنى، ئۇچتۇرپاننىڭ كۆمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان سۈزۈك سۇلىرىغا تويماي چۆمۈلگەنلىكىنى، كېيىن قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى بىر ــ بىرلەپ ئەسلەشكە باشلىدى... ھازىر نوچىنىڭ قۇلىقىغا نە ئادەم، نە ھارۋىلارنىڭ تاۋۇشلىرى كىرمەيتتى.

سىيىت نوچى ئاخىر گۇگۇم ۋاقتى بىلەن، ئالدى ئېگىز ــ پەس چەللە، لاپاس ۋە ئېسلىشىپ كەتكەن كونا قومۇش بورىلار بىلەن سايىۋەن قىلىنغان، ئۇششاق تىجارەت دۇكانلىرى

بىلەن قاپلىنىپ گويا خارابىلارغا ئوخشاپ قالغان، تار رەستە كوچىسىنى بويلاپ، ئۈچتۇرپاندىكى مەشھۇر ئاتچى كارۋان جۇرىپشى ھاجىنىڭ سارىيىغا بېرىپ چۈشتى.

ئارىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۈچتۇرپاننىڭ ھەممىلا يېرىگە: «سىيىت نوچى كەپتۇ، سىيىت نوچى ئىلىدىن كەلگەنمىش» دېگەن گەپلەر تاراپ، سىيىت نوچىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا بۇ يەردە بىرگە ئويناپ ئۆسكەن دوستلىرى، ئۇنىڭ نام - شەرىپىنى ئاڭلىغان يۇرتداشلار ھەتتا شۇ زاماندا، ئۈچتۇرپاندا «سەن ئەمەس مەن» دەپ يۈرگەن نوچىلار، چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارمۇ ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ كۆرۈشتى، ئۆيلىرىگە تەكلىپ ئېتىشتى. كىچىك پېئىل گاڭگۇڭ ھەممىسىگە لايىقىدا مۇئامىلە قىلاتتى. ئەمەلدارلارنىڭ، لوزۇڭ - بەگلەرنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىش مۇددىئاسىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسەتمەيتتى. ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ بىر كۈنى سىيىت نوچى ئۆزى چۈشكەن سارايدا بىر يولۇچى بىلەن چاي ئىچكەچ مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاندا، چېرىك كىيىمى كىيگەن بىر ئۇيغۇر يىگىت سالام بىلەن ھۇجرىغا كىرىپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرۇپ، سىيىت نوچىدىن سۆزلەشكە ئىجازەت سورىدى. نوچى ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن بېشىنى لىڭشىتىپ سالامنى قوبۇل قىلدى ۋە يىگىتكە سوئال نەزىرىدە قارىدى.

— سىيىت نوچى دېگەن كىشى ئۆزلىرى بولامىلىكىن؟ — دېدى يىگىت چېرىك كىيىمىگە مۇناسىپ كەلمەس تۆۋەنچىلىك بىلەن.

— خوش، سىيىت ئاخۇن مەن بولىمەن، — دېدى نوچى

جاۋابەن .

— جانابلىرىنى ۋاڭ غوجام ھەزرەتلىرى « ئۆيگە كېلىپ مېھمان بولۇپ كەتكەي » دەپ پېقىرنى چىقارغان ، — دېدى چېرىك تۆۋەن ئاۋازدا .

— ۋاڭ جانابىگىزغا ئېيتىپ قويۇڭ ، — دېدى سېيىت نوچى ئېرەنسىزلىك بىلەن ، — مەن بارالمايمەن . مېنىڭ ۋاڭلار ، دارىنلار بىلەن ئىشىم يوق ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغۇمۇ يوق .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، سېيىت نوچى بامدات نامىزىدىن يېنىپ ساراي ھويلىسىدا كىشىلەر بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى . شۇ ئەسنادا سۆھبەتداشلارنىڭ دىققىتى دەرۋازا تەرەپكە بۇرالدى . سېيىت نوچىمۇ ئۇ تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى - دە ، كىرىپ كېلىۋاتقان ئۈچ ، تۆت چېرىككە كۆزى چۈشتى . چېرىكلەرنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرا بويى ، كەڭ گەۋدىلىك ، قاپقارا كەڭ قاشلىق ، قاراكۆتەكتەك يوغان قورساق ؛ شۇ زامانىنىڭ ئۇيغۇر بايۋەچچىلىرىدەك كىيىنگەن ، قارچۇغىنىڭ تۇمشۇقىدەك بۇرنىنىڭ ئاستىدىكى يالتىراق قويۇق بۇرۇتلىرى ئەپچىل ياسالغان سالاپەتلىك بىر ئادەم ئۇدۇللا كېلىپ سېيىت نوچىغا سالام بەردى ۋە ئىككى قولىنى كۆرۈشۈشكە سۇندى . سېيىت نوچىمۇ بۇ يوچۇن ئادەمنىڭ مېھرىبانلارچە سالىمىنى لايىقىدا ئىلىك ئالدى . چېرىكلەر نېرى تۇرۇپ ، ئاۋۋال سېيىت نوچىغا ، ئاندىن باشقىلارغا سالام بەجا كەلتۈردى .

— شىتەي ① ۋاڭ جانابلىرىنىڭ غېرىبانە كەپىمىزگە قەدەمى يەتكەنگە ھەيرانمەن ، ھەي باللار ياغاچ ئېلىپ كېلىڭلار ،

---

① شىتەي — يىلىك دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار .

ئۆز قولۇم بىلەن ئۇشتۇپ قوياي ، — دېدى ساراي خوجايىنى جۇربېشى ئالدىراشچىلىقتا كەشىنىڭ سوڭىغا دەسسىگىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ .

— ياق ، ياق . دائىم يوقلاپ تۇراي دەيمەن ، پۇرسەت يوق ، رەھمەت ، ياغاچ ئۇشتۇش ھاجەتسىز ، — دېدى شىتەي ۋاڭ .

ساراي خوجايىنى بۇ يېڭى مېھمانلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى . باش مېھمان رازى بولدى - يۇ ، لېكىن سىيىت نوچىنىڭ ئالدىدا مېڭىشنى شەرت قىلىپ تۇرۇۋالدى . سىيىت نوچى تەستە كۆندى . ساھىبخان داستىخان ئۇستىدە مېھمانلارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى :

— بۇياق ھەممىگە تونۇش سىيىت نوچى دېگەن شۇ ، — ۋاڭ غوجام چاچراپ ئورنىدىن قوپۇپ سىيىت نوچى بىلەن قايتا كۆرۈشتى .

— بۇ كىشى مەھەممەت ئىمىن ۋاڭ غوجام ، كۇچالىق . ئۇنىڭ يۇرتىمىزغا شىتەي بولۇپ كەلگىنىگە ئالتە ئاي بولدى . ئۇ كۇچادىكى ۋاڭ ئەۋلادلىرىدىن ، — دەپ تەپسىلىي تونۇشتۇردى ساراي خوجايىنى .

سىيىت نوچىمۇ مەھەممەت ئىمىن شىتەي ۋاڭ بىلەن قايتا كۆرۈشتى . ئۇلار بىردەم قىسقىچە ئەھۋاللاشتى . ئاندىن سىيىت نوچى شىتەي ۋاڭنىڭ ئوردىغا قىلغان تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سارايدىن چىقتى .

ئارىدىن بىرەر ئاي ۋاقىت ئۆتتى . شىتەي سىيىت نوچىغا ئارقا - ئارقىدىن تەلەپ قويۇپ ، سىيىت نوچىنىڭ رەت قىلىشىغا پەرۋا قىلماي ، ئوردىدا ئۆز پاناھىدا بولۇۋاتقان چېرىكلەرگە قىلىچۋازلىق مەشقىدە ئۇستاز بولۇپ بېرىشكە تەسلىكتە كۆندۈردى .

لىكىن نوچى چىرىكلەر كىيىمنى كىيمەيدىغانلىقىنى ، لەگزىدە تۇرمايدىغانلىقىنى ، شىنەيدىن بۆلەك ھەرقانداق ئەمەلدار بىلەن ھەمسۆھبەت بولمايدىغانلىقىنى شەرت قىلىپ تۇرۇۋالدى . مەھەممەت ئىمىن شىتەي ۋاڭ ئەقىللىق ، ئېغىر ـ بېسىق ئادەم بولغىنى ئۈچۈن ، نوچىنىڭ شەرتىگە كۆندى . شۇ كۈندىن باشلاپ سىيىت نوچى مەھەممەت ئىمىن شىتەي ۋاڭنىڭ لەشكەرلىرىگە قىلىچۋازلىق تەلىمى بېرىدىغان ئۇستازغا ئايلاندى .

يىگىتلەر يېڭى ئۇستازدىن ئۆگەنگەن ئۆزگىچە ماھارەتلەرگە شۇنداق رازى ئىدىكى ، ناۋادا سىيىت نوچى « ئاسمانغا چىق » دەپ بۇيرۇق بەرسە « قاناتنى قانداق قىلىمىز ؟ » دېمەيدىغاندەك قىلاتتى . بۇ چاغلاردا ئۈچتۇرپانغا ياڭ دارىن ھاكىم ئىدى . گەرچە ياڭ دارىن سىيىت نوچىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي ئۇققان بولسىمۇ ، پوزىتسىيىسىنى قىلچە ئۆزگەرتمىدى ، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى چەكلىمىدى ، قوللىدى . ھەتتا ئۇنى ماختاپ كۆككە كۆتۈردى .

شۇنىڭدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ، تالا ـ تۈزدە « ياڭ دارىن كېتىپ ، يېڭى دارىن كېلەرمىش » دېگەن گەپلەر ئاۋۇپ قالغان ئىدى .

8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېڭى دارىننىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى پەيدا بولۇپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا « چاجاڭ » قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ناھىيىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار چاپىراقشىپ قالدى . بەلگىلەنگەن كۈنى پۈتۈن يۇرت تۇمشۇق تاغنىڭ ئايىغىغا يېڭى دارىننى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقتى . ئەتىگەندىن چۈشكىچە ساقلىغاندىن كېيىن دارىننىڭ ئاران دېگەندە مەپىسى كۆرۈندى . ئۇنىڭ ياسىداق مەپىسى ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلگەن

چاڭ ـ توزان ئېچىدە كېلىۋاتاتتى. داقا ـ دۇمباقلار چېلىندى. شىتەي لەگزە چېرىكلىرىمۇ قىلىچ ئويۇنى باشلىۋەتتى. لەشكەر سېپىنىڭ بېشىدا ياڭ دارىن، شىتەي ۋاڭ، سىيىت نوچىلار تۇراتتى. باشقا ئەمەلدارلار بولسا، ھەربىي قىسىمغا ئارىلاشماي يىراقتا تۇرۇپ، ئالدىدىراق بېرىپ دارىننى مەپىدىن يۆلەپ چۈشۈرۈشنى ئويلاشماقتا ئىدى.

سىيىت نوچى يەڭنى شىمايلاپ، يىگىتلىرى بىلەن قىلىچ ئويۇنى ئوينىماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى شۇنچە چاققان ئىدىكى، يېڭى كەلگەن دارىن مەپىدىن چۈشمەيلا ياڭ دارىن ۋە شىتەي بىلەن چالا ـ پۇلا كۆرۈشۈپلا باشقىلارغا ئىرەن قىلماي قىلىچ ئويناۋاتقان لەشكەرلەرگە نەزەر سېلىشقا باشلىدى. ئويۇن بىردەم داۋام قىلدى. قائىدە بويىچە چاجاك قۇرۇپ چىققان خالايىققا سۆزلەشكە توغرا كېلەتتى، كەچ كىرىۋاتقانلىقىنى سەزگەن دارىن قول ئىشارىسى بىلەن لەشكەرلەرگە «توختا» بۇيرۇقى بەردى. قىلىچلار قىنىغا چۈشكەندە بولسا يېڭى دارىننىڭ نەزىرى لەشكەرلەردىن يۆتكىلىپ بىر خىل جىددىيلىك بىلەن سىيىت نوچىغا مەركەزلەشتى. سىيىت نوچىمۇ يېڭى دارىننى تونۇپ قالدى. ئۇ يېڭى دارىننىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇراتتى. يېڭى دارىنىنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ، ئەسلىدىكى قارا چىرايى تېخىمۇ قارىداشقا، بۇتىنىڭكىگە ئوخشاش يۇمۇق كۆزلىرىنىڭ قارىقى يۇقىرىغا تارتىلىپ، ئانچە ئېگىز بولمىغان كەڭ چاناقلىق بۇرنىنىڭ ئۈستىدە تەرتامچىلىرى تەپچىرەشكە باشلىدى. ئۇ سىيىت نوچىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۆزىنى تولىمۇ ئوڭايسىز ھېس قىلىپ، تۈلكىدەك ھىيلىگەرلىك بىلەن ھىجىيىپ، ئەپيۇن چېكىپ سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، سۆزگە كىرىشتى:

— ھە ... مەن ، مەن تونۇدىمۇ - تونۇمىدى ، سىز سىيىت گاڭگۇڭما ؟

— مەنمۇ سىزنى تونۇدۇم ، خاتا دېمىدىڭىز دارىن ، سىز مادارىن ؟

— شۇ ، ھە ، شۇنداق ، بىز تونۇش ئەمەسما گاڭگۇڭ ، — دېگىنىچە نوچىنىڭ باش - ئايىغىغا بىر قاراپ ، گەپ - سۆز قىلماي كەينىگە ياندى دارىن .

ئۇچتۇرپانغا دارىن بولۇپ كەلگەن ماشاۋۋۇ چالا تۇڭچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن خالايىققا ۋەز ئېيتماقتا ، سىيىت نوچى ئۇنىڭ نېمىدەۋاتقانلىقىغا پىسەنت قىلماي ، بوش ، غەزەپلىك ئاۋازدا ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىمەكتە : « ھەي ياۋا توڭگۇز ، مۇناپىق . سەن قەشقەر كونىشەھەرگە دارىن بولغاندا ، ئەمەلدارلار 〈 ماراپ چىشلەيدىغان ئىت 〉 دەپ نام قويغان ؟ ! سېنىڭ ئىسمىڭ ماشاۋۋۇ ئەمەس ، ماشورۋا ئىدىغۇ . قەشقەرلىق سېنى ماشورۋىچى دەپ ئاتىغان ئەمەسمۇ ؟ ! ماتىنتەيىنىڭ زىياپىتىدە خوتۇنۇڭنى تىتەي تارتىۋېلىپ ، ئەتىسى ئەكىرىپ قويسا ، تىتەيگە قېيداپ دارىنلىقنى تاشلاپ ، ئۈرۈمچىگە ياك جاڭجۇڭنى ھىمايە تىكلەپ كەتتىڭ . يەنە شۇ خوتۇنۇڭنى نومۇس قىلماي بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىڭ . بۇرۇن قەشقەر خەلقىنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچتىڭ ، ئەمدى ئۇچتۇرپانلىقنىڭ قېنىنى شورىغىلى كەپسەن ! ھۇ ! ... ئىپلاس خۇمسى ! خۇدا ھەققى ، سەن ئىپلاس بىلەن بۇ ماكاندا ئۇچرىشىپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدىم ... »

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندە ، ياك دارىن ئىشنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئاقسۇ تەرەپكە قايتتى . مادارىن كېلىپ بىر ئاي ئۆتە - ئۆتمەي مەھەممەت ئىمىن شىتەي بىلەن پۇت تېپىشىشكە

باشلىدى. ئۆزى باشقۇرغان چېرىكلەرنى كۆشكۈرتۈپ، شىتەي لەگزىننىڭ چېرىكلىرى بىلەن جېدەل چىقاردى. شىتەي بىۋاسىتە ئۆزرە ئىپىتسىمۇ بۇ مۇتىھەملەر پەيلىدىن يانمىدى. پەردە كەينىدە مادارىن ئوت پۈۋلەپ، كۈسەي تۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ئىشتىن غەزەپلەنگەن سىيىت نوچى دارىن چېرىكلىرىنى پەشۋا، كالتەك بىلەن سۇرتوقاي قىلىپ يامۇلغا كىرگۈزۈپ جىمىقتۇردى. مادارىن بۇ ۋەقەدىن قاتتىق چۆچۈپ، ھىيلە ئىشلىتىش نىيىتىگە كەلدى.

شۇ يىلى 10 - ئايدا، سىيىت نوچى ئۇچتۇرپان تاقىچىلىق كوچىسىدا تۆمۈرچىلىك قىلىدىغان، بەشكېرەملىك كەنجى تاقىچى دېگەن كىشىنىڭ سىڭلىسى ھۆسنارخان ئاتلىق چوكانغا ئۆيلەندى. ئۇ ۋاپادار، مېھرىبان، خۇددى چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن پەرىزاتلاردەك چىرايلىق، چېچەن ئايال ئىدى. سىيىت نوچى بۇ ئايال بىلەن مېھرىبان قەدىردانلاردىن بولۇپ ئۆتتى.

سىيىت نوچى ئاق سېرىق، مەگزى ئالمىدەك قىزىل، ساقال - سۇمباتى سېرىققا مايىل كەلگەن، قارچۇغىنىڭكىدەك كېلىشكەن كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان كەمتەر كىشى بولۇپ، مۇگداشقاق، چىقىشقاق ئىدى. شۇڭا ئۇ قەيەرگە بارسا خەلق ھىمايە قىلاتتى. ئەجدادلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەرگە قىزىقاتتى. بىر كۈنى ئۇ مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىنىڭ بىرىدە 1765 - يىلدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى قاسىم باتۇرنىڭ نەۋرىسى توختىنىياز باتۇرنىڭ ھايات ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ھازىر ئۇچتۇرپاننىڭ توخسۇن دېگەن يېرىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. سىيىت نوچى مېھماندارچىلىقتىن قايتىپلا توختىنىياز باتۇرنى ئىزدەپ ماڭدى. سىيىت نوچى توخسۇنغا بېرىپ، ئىتىزلارنى ئارىلاپ كېلىۋېتىپ،

خامان تېپىش بىلەن بەنت بولۇۋاتقان 80 ياشلاردىكى بىر بوۋايغا يولۇقتى ـ دە ئېھتىرام بىلەن :

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاتا ! ــ دېدى .

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ــ دېدى ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىغان بوۋاي قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرۇپ .

ــ توختىنىياز باتۇرنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويغان بولسىلا .

ــ خوپ يىگىت ، ــ دېدى باتۇر يەرگە ئېگىشىپ ، خامان تېپىۋاتقان تۇلۇق تاشنى ئوڭ قولى بىلەن كۆتۈرگىنىچە ، ــ مەن توختىنىياز باتۇرنىڭ لاپقۇتچىسى بولىمەن ، باتۇرنىڭ ئۆيى ئاشۇ كۆرۈنگەن تام .

ھەيران بولغان سىيىت نوچى تەئەججۈپ ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە : « توختىنىياز باتۇرنىڭ لاپقۇتچىسى بۇنچە بولسا ، ئۆزى قانچىلىك كۈچلۈك ئادەمدۇ ؟ » دېدى ـ دە ، نىشانىغا يۈزلەندى . ئۇ كېتىۋېتىپ چوڭقۇر خىيال بىلەن ئارقىغا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قاراپ قويۇپ يەنە : « باتۇرلار ئوردىسىغا كېلىپ قالدىممۇ ـ نېمە ؟ » دېگەن سوئالنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى .

توختىنىياز باتۇر تۇلۇق تاشنى ئالدىراپ بوشاتتى ـ دە ، مېھماننىڭ كەينىدىن يېتىپ باردى . ئىشىك ئالدىدا يوغان ئۈجمە ، ئۈزۈملۈك باغ بولۇپ ، ئۈجمە ئاستىدىكى ئېرىقتا لىققىدا سۈزۈك سۇ ئېقىۋاتاتتى . باتۇر سىيىت نوچىنى قەشقەرچە پېشايۋانلىق ھويلىغا باشلىدى . ئۇلار تال بارىڭىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ سالقىن مېھمانخانىغا كىردى . باتۇر مېھمان يىگىتنىڭ ھاردۇق سورىغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ نام ـ شەرىپىنى بىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ توختىنىياز باتۇر ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بەردى ، نوچى ئورنىدىن دەس

تۇرۇپ، باتۇر بىلەن باشقىدىن كۆرۈشتى. ئۇلار داستىخان ئۈستىدە خېلى خوپ هال ـ مۇڭ بولۇشتى.

باتۇر سېيىت نوچىنى بەش كۈنگىچە كەتكىلى قويماي كاتتا مېهمان قىلدى. بۇ جەريانىدا ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ـــ 90 يېشىدا مۇشۇ خانىدا ئالەمدىن ئۆتكەن چوڭ دادىسىنىڭ قوزغىلاڭدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقىنى. ئەينى چاغدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندا لەشكەرلەر ۋە يولباشچىلارنى مانجۇ باسمىچىلىرىنىڭ قانداق قىرغانلىقىنى، ئەسمىتۇللابىك، رەهمىتۇللابىك قاتارلىق قوزغىلاڭ باشچىلىرىنى رەهىمسىز قىيناپ، ئاخىر دارغا ئاسقانلىقىنى، چوڭ دادىسى ـــ قاسىم باتۇرنى قەپەسكە سولاپ بېيجىڭغا خان ئالدىغا ئېلىپ كەتكەندە، دادىسىنىڭ تاغۇ ـ دەشتلەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى، چوڭ دادىسىنىڭ ئۈچ يىلدىن كېيىن بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، كۈندىن كۈنگە زەئىپلىشىپ، نەزەربەنتلىكتىن قۇتۇلالماي ئۇ ئالەمگە كەتكەنلىكىنى هېكايە قىلىپ بەردى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى دادىسىدىن ئاڭلىغان ئىدى. ئەجدادلار كەچمىشى توغرىسىدا هېكايە سۆزلەنگەن بۇ بەش كۈن سېيىت نوچىدا ئاجايىپ تەسىر قالدۇردى، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

1917 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى، مەهەممەت ئىمىن شىتەي ۋاڭ چېرىكلىرىنىڭ هەربىي مەشقىنى داۋاملاشتۇرۇش، شۇنداقلا رىقابەتچىسى مادارىنغا هەيۋە كۆرسىتىش مەقسىتىدە توققۇز بۇلاقتا سورۇن تۈزۈپ، ئۇچتۇرپان ئەمەلدارلىرىنىڭ هەممىسىنى دېگۈدەك تەكلىپ قىلدى. تاماشىبىنلار ئىچىدە ئاۋام خەلق خېلى كۆپ ئىدى. ماشاۋۇنىڭ قول ئاستىدىكى چېرىكلەر

ئۆزئارا غۇدۇرىشىپ، ھەسەت تۇسىنى ئالغان چىرايلىرىنى پۈرۈشۈپ كۇسۇرلىشاتتى. شىتەي ۋاڭنىڭ چىرىكلىرى سىيىت نوچىدىن ئۆگەنگەن ھۈنىرىنى تولىمۇ ئەپچىل ئورۇنلاپ، خالايىقنى جەلپ قىلدى. ئەتراپنى بورداق قوي گۆشى كاۋىپىنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى قاپلىغان ئىدى. شىتەي ۋاڭ يەڭلىرىنى شىمايلاپ، باداڭ قورسىقىنى دومبايتىپ مەغرۇر يۈرەتتى. مادارىن كاۋاپ يېگىنىچە تۈلكىدەك ھىجىيىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايى پۈرۈلۈپ، پىت كۆزلىرى تېخىمۇ كىچىكلەپ، ئىچىدە زەھەر قايناۋاتقانلىقى مانامەن دەپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا، كۆرەڭلىكى ھەسسىلەپ ئېشىۋاتقان شىتەي ۋاڭ سىيىت نوچىنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشقىمۇ كۆيمەي ئوتتۇرىغا چىقىپ ئېلان قىلىۋەتتى:

— ئەمدى سىيىت نوچى جانابلىرىنىڭ ئويۇن كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىمىز.

سىيىت نوچى «ياق» دېيىشكە ئامالسىز قالدى - دە، ئاخىر راسلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزرە ئېيتىپ:

— ھۆرمەتلىك تەقسىرلەر، ئەھلى جامائەتلەر، ھەرقايسىلىرى ئالدىدا ھۆرمەتسىزلىككە ياتىدىغان قىلمىشلار سادىر بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال، ئەپۇ قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى - دە، ئالدى ئوچۇق كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى بوشىتىپ بەلبېغىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قىستۇرۇپ، ئاق دوپپىسىنى قىرلاپ كىيدى، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغاردى. بۇ چاغدا شىتەي ۋاڭ توختاش ئىشارىسىنى قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قۇلىقىغا: «بۈگۈن چايانىنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ باتۇرلۇقلىرىنى كۆرىمىز، ئۇنىڭ يۈرىكىنى مىجىۋېتىش كېرەك» دېدى پىچىرلاپ. سىيىت نوچى پىسەنتسىز كۈلۈپ قويدى. شۇ

ئارىدا، ياش بىر بەۋكەر بىر تۇتام كۆتمەك چىغ ئېلىپ كېلىپ، سىيىت نوچىغا ئۇزاتتى. بۇ ھالەتتىن بىر نەرسىنى چۈشەنگەن نوچى كۆڭلەكىنى سېلىپ تاشلىدى ـ دە، بەلباغىنى مەھكەم باغلاپ، چىغنى قورساق ئۇستىگە ئايلاندۇرۇپ تىزىپ تېگىشقا باشلىدى. تاماشىبىنلار بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران بولۇپ قېلىشتى. بۇ سىرنى پەقەت سىيىت نوچىدىن تەلىم ئالغان لەشكەرلەر بىلەن شىتەي چۈشىنەتتى. نوچىنىڭ قوللىرى ھەرىكەتكە كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچ گاھ ئاسمانغا چىقسا، گاھ يەرگە چۈشەتتى، گاھ ئوڭ قول، گاھ سول قولىغا ئۆتۈپ تىنىمسىز ھەرىكەت قىلاتتى. كېتىپ ـ كېتىپ يەرگە تېرىڭلاپ چۈشكەن تىغ، پۈتىنىڭ باش بارمىقى بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندە، ھەر ئىككى قول، قاۋۇل گەۋدە مەجنۇنتالدەك ئېگىلىپ ھەرىكەت قىلاتتى. ئوڭ قولىغا چۈشۈپ، ئايلىنىپ كېلىپ قورساققا تىزىلغان دانىمۇ دانە چىغلار ئۆتكۈر بىس بىلەن بىر ـ بىرلەپ قىرقىلىپ يەرگە چۈشۈرۈلەتتى. ئۆتكۈر قىلىچ نوچىنىڭ ئوڭ قول بارماقلىرى ئارىسىدا ئايلىنىپ ھەر خىل ھەرىكەت قىلاتتى، خالايىق چاۋاكىنى ئۇزۇلدۇرمەي چېلىپ، چۇقان ـ كۆلكە كۆتۈرۈشەتتى. مەھەممەت ئىمىن شىتەي ۋاڭ مەغرۇرلىنىپ ئاسمانغا چىقاي دەپلا قالدى. مادارىن ئەل قاتارى چاۋاك چېلىشقا ئۇرۇنسىمۇ، قولى ئىختىيارسىز توختاپ قالاتتى، ئۆزىنى كۈلكىگە شۇنچە زورلىسىمۇ، تۇرۇپلا قىسىق كۆزلىرى تېخىمۇ كىچىكلەپ، غورا قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، پېشانىسىدا ئىختىيارسىز تەر تامچىلىرى پەيدا بولۇپ قالاتتى.

سىيىت نوچى قورساق ئۇستىگە تىزىلغان چىغلارنى ئالاھىدە چەبدەسلىك بىلەن قىرقىپ چۈشۈرۈپ بولدى. توققۇز

بۇلاق ئەتراپىنى چاۋاك ساداسى قاپلىدى ، مۆلجەر تاغ ئېتىكىدىن كۆتۈرۈلگەن ئەكس سادا ئالەمنى بىر ئالغاندەك قىلاتتى . خالايىق بۇ ماھارەتتىن ھەيران بولۇپ غۇلغۇلا قىلىشتى . لېكىن ما دارىن ئۆزىنى ھەدەپ ئوڭايسىز ھېس قىلاتتى . قىلىچنىڭ ھەر بىر ئايلىنىشىدا بىر - بىرلەپ يەرگە چۈشكەن چىغ تاللىرى دارىنىڭ كۆزىگە گويا قىلىچ بىلەن بوينى كېسىلىپ ، قانغا مىلىنىپ ياتقان چېرىكلىرى بولۇپ كۆرۈندى ، ئۇ دەرھال ئاچچىق تولغاندى . دەل شۇ چاغدا ، شىتەي ۋاڭ سىيىت نوچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، كۆڭلىكىنى كىيدۈرۈپ ، لىغىرلاپ تۇرغان ئاق ئاۋار رومالدا باش - كۆزلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى . دارىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ ئاچچىق ئىچىدە ئارابىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ ، ئۆزلىرىنى قەستەن كۈلكىگە زورلاپ ئولتۇرۇشاتتى . شىتەي ۋاڭ سىيىت نوچىنىڭ ئالدىدىن قايتىپ كېلىپ ، يېنىدىن بىر ئاتار تاپانچىسىنى چىقىرىپ ، ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئۈزۈۋېدى ، سىيىت نوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن 20 دىن 40 يىگىت تەڭلا كېلىپ ، ئۇنىڭغا خۇددى يولۋاستەك ئېتىلدى . ئىشنىڭ تېگىنى پەملىگەن نوچى ھەش - پەش دېگۈچە راسلاندى - دە ، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئەتراپقا تىكتى .

— تۇت ، باغلا ! — بۇيرۇق بەردى شىتەي ۋاڭ . لېكىن ، ئۆزىنى ئوخشىتىپ نوچىغا تاشلانغان ھەرقانداق ئۆزلىرىنى كۆل ئوتتۇرىسىدا — چىرمىشىپ كەتكەن لەشلەر ئارىسىدا كۆرۈشتى . كۆل ئەتراپىنى كۈلكە ۋە جىددىيلىك قاپلىدى ، خالايىقنىڭ كۆزى دەم كۆل ئىچىدە پالاقلاپ يۈرگەن چېرىكلەردە ، دەم نوچىنىڭ چەبدەسلىكىدە دەۋر قىلاتتى . شىتەي بولسا گۈمبەز قورسىقىنى تۇتۇپ پىخىلداپ ، يېرىلىپ كەتكۈدەك كۈلەتتى . ئاخىرقى ھېسابتا

30 چە يىگىت بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى كۆلنىڭ ئىچىدە كۆردى ، 10 دەك يىگىت نوچىغا يىقىن كېلەلمەي ، قىچىپ قۇتۇلدى . بۇ ئىشنى پىلانلىغان شىتەي ۋاڭ مۇشۇنداق نەتىجىلىنىشنى پەرەز قىلغان ـ يۇ ، ھېچ بولمىغاندا 40 چېرىكنىڭ كۈچى يېتەر دەپ قالغان . ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ، لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا مەمنۇن بولغان ۋاڭ ، سىياسىي رىقابەتچىسىنىڭ ئالدىدا نېمە قىلارىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى .

مەھەممەت ئىمىن شىتەي ۋاڭ كۈچادىن بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگەندە ، ھازىر قول ئاستىدا بار 500 دىن ئارتۇق چېرىكنى ئالاھىدە شاللاپ قوبۇل قىلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆپى ئۇيغۇر ئىدى . ئۇلار قىرغىز ، خەنزۇلاردىن بولغان چېرىكلەر بىلەن ئىناق ئۆتەتتى ۋە شىتەينى بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى . شىتەينىڭ ئۈچ نەپەر مۇھاپىزەتچىسىنىڭ بىرى بولغان گوخەي ئىسىملىك كىشى شىتەيگە تۇغچىلىق ھەم مىرزىلىق قىلاتتى .

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن مادارىن يامۇلغا قايتىپ كېلىپ ، ئۆيىگە تولىمۇ خاپا كىردى .

— خوش ، نېمە بولدى دارىن ؟ بۈگۈن توققۇز بۇلاقتىكى زىياپەت ياقمىدىمۇ ؟ — سورىدى ماتەتەي قوپالغىنا .

— خەپ ! ... — دېدى مادارىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ، — سەن ئوتياشچى مۇناپىق جاڭ مىگسەينىڭ بۇ سىيىت گاڭگۇڭ دېگەن ئىسيانچى ئوغرىنى ئاغىنەم دەپ يۈرۈپ ، شۇنچە ئىشلارنى ئۆگەتكەنلىكىگىنى بىلگەن بولسام ، قەشقەردىكى ۋاقتىمدىلا ئۆز قولۇم بىلەن ئەدىبىنى بېرىدىكەنمەن . مانا ئەمدى ، بۇ ئوغرى ماڭا بىر بالايىئاپەت بولۇپ يېتىشىپتۇ ئەمەسمۇ ؟ ! بىر ئادەمگە 40 ئادەم تەڭ كېلەلمىدى دېگەن قانداق گەپ ؟

مادارىنىڭ خۇي - پەيلىنى ئالغان ماشۇيجەي ئىشكاپنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئەپيۇن ھارىقىنى تېپىپ پىيالىگە توشقۇزۇپ قۇيۇپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقازدى. مادارىن گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى - دە، «يەنە قۇي!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ ئىككىنچى پىيالىدىكىنى ئىچىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىغىنىدىچە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئالىلىقاندا قتۇر چوتلارنى سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ ھەر بىر مىدىرلىغىنىدا «خەپ سىيت، خەپ سىيت ...» دەپ قوياتتى. شۇ كېچىدىن باشلاپ مادارىنىڭ قورسىقىغا جىن كىردى. ئۇ سىيت نوچىغا قانداقتۇ ھىيلە - مىكىر بىلەن قاپقان قۇرۇش، ئۇنى تۇيدۇرماي چىشلىۋېلىش، چىشلىگەندىمۇ ساقايماس قىلىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، يامۇلنىڭ ئىچىدە كىملەرنىڭ ئۆزىگە سادىق، كىملەرنىڭ سادىق ئەمەسلىكىنى كۆڭۈل دەپتىرىنىڭ قارا بەتلىرىگە بىر - بىرلەپ تۇرغۇزۇپ چىقتى.

*　　　　*　　　　*

ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى مەھەممەت ئىمىن شىتەي ۋاڭ باشقىچە بىر قىياپەتتە، سىيت نوچىغا ئالاھىدە پەخەس بولۇپ يۈرۈشنى، بىر يەرلەرگە يالغۇز ماڭماسلىقنى، گەپ - سۆزلەرگە دىققەت قىلىشنى، بۈرۈنقى ۋەدىگە بىنائەن ھازىرمۇ ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرىغا ئارىلاشماسلىقنى ئەسكەرتتى، سىيت نوچى ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن ئەجەبلەندى.

1917 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئۇچۇن تېخىمۇ ئېغىر

يىل بولدى. يامغۇر - يېغىن ئاز بولدى، قارا بوران قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئېلىپ كەلدى، ئاچارچىلىق ئېغىرلاشتى، يۇقۇملۇق كېسەللىك يامرىدى، پۇل پاخاللاشتى، مال باھاسى ئۆرلەپ، يوقسۇل بىچارىلەرگە ئۇۋال بولدى. بۇ ئەھۋال شىنجاڭغىمۇ، جۇملىدىن تارىختىن بۇيان سۇيى كەڭرى، يەرلىرى مۇنبەت، ئاشلىق ۋادىسى بولۇپ كەلگەن ئۇچتۇرپانغىمۇ قاتمۇ قات ئېغىر چىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. كۆز پەسلى دېھقانلار بەكلا ئالدىراش ئىدى، مانجۇ باسمىچىلىرىنىڭ تويماس قارنىنى كۆتۈرە ئالغان دېھقانلارنىڭ ئۇستىدىكى ئالۋاڭ - ياساق كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان بولسىمۇ، بىچارە دېھقانلار يەنىلا بەرداشلىق بېرىۋاتاتتى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدىن خەۋەر تاپقان ماشاۋۋۇ ھەر تەرەپتىن خەۋپسىرەپ ئاران تۇرغاندا، «قورققانغا قوش كۆرۈنەر» دېگەندەك سىيىت نوچىنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇچتۇرپانغا كېلىپ تۇرۇپ قېلىشى، ئۇنى ئازدەپ، بۇ يەردىكى قورallıq قوشۇنى بار شتەينىڭ سىيىت نوچىنى قانات ئاستىغا ئېلىشى ۋە قوشۇنغا سەركەردە - ئۇستاز قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇۋالغىنى — ماشاۋۋۇغا بەكمۇ ئەلەم قىلغان ئىدى. ئۆزىنى ئەجەل ھودۇقۇشىدا سەزگەن ماشاۋۋۇ مۇشۇ كۈنلەردە پادىشاھ چيەنلۇڭ زامانىسىدىن ئىزنا بولۇپ قالغان ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى ھەققىدىكى خاتىرەنامىنى پات - پات ۋاراقلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قارلىغاچ تاغ قەلئەسىگە كۆزى چۈشكەندە، يۈرەكلىرى قالايمىقان دۈپۈرلەپ، تولىمۇ ئارامسىزلىق ھېس قىلاتتى.

ماشاۋۋۇ بۈگۈن كېچىچە ئۇخلىماي، ئۇچتۇرپاننىڭ يېقىنقى

ئەھۋالى ھەققىدە ياڭ زېڭشىڭغا بىۋاستە خەت يازدى . ئۇ خېتىنى : سىيىت گاڭگۇڭ دېگەن قەشقەرلىقنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكى ، ئۇنى مەھەممەت ئىمىن شىتەي ۋاڭنىڭ قوللاۋاتقانلىقى ، ناۋادا ئىپپىنى تاپسا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئاران تۇرۇۋاتقانلىقى ، ئۇنىڭ بۇرۇن قەشقەردە گېلاۋخۇيغا قاتناشقانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلارنى شىكايەت قىلىپ ، ئاخىرىدا ، قەشقەردىكى گېلاۋخۇينىڭ باشچىلىرىدىن بولغان جاڭ مىڭسەي بىلەن سىيىتنىڭ ئۇزاق يىللىق ئاغىنە ئىكەنلىكى ، سىيىتنىڭ ئۇنىڭدىن ھەربىي ماھارەت ئۆگىنىپ ، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش قەستىدە يۈرگەنلىكى ، جاڭ مىڭسەي ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، سىيىتنىڭ بۇ نىيىتىدىن يانمىغانلىقى ؛ ئۇنىڭ 1915 ـــ ، 1916 ـ يىللىرى ئىچىدە چەت ئەللەرنى ئايلىنىپ كېلىپ ، مۇشۇ يىلنىڭ بېشىدا ئىلى تەرەپتىن بۇ ياققا ئۆتكەنلىكى ؛ روسىيىدىكى لېنىن توپىلىڭى توغرىسىدا بۇ يەرلەردە سۆزلەپ يۈرگەنلىكى ... ھەققىدە تولىمۇ قورقۇنچلۇق توختالدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، ما دارىن سىيىت نوچىنىڭ كەينىگە پايلاقچى قويۇپ ، ئۇنىڭ ھەددى ـ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىشكە باشلىدى . لېكىن بۇ ئىشتا ئۇنىڭ بىلەن يۈز يوپۇر بولۇپ قېلىشتىن بەكلا ھەزەر ئەيلىدى . ياڭ زېڭشىڭدىن قانداق جاۋاب كەلگىنى بىزگە قاراڭغۇ . ئەمما شۇ كۈنلەردە ماشاۋۋۇ سىيىت نوچىغا ئەلچى قويۇپ ، ئۇنىڭ ئۇچتۇرپاندىن كېتىپ قېلىشىنى ئۆتۈندى . شىتەي ۋاڭ بىلەن ئاشكارا زىتلىشىپ ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى بىرلا بۇيرۇق بىلەن ئېلىپ كېتىپ ، يوق قىلىشىنى تىلىدى . مادارىننىڭ قارا نىيىتىنى سەزگەن سىيىت نوچى ئۇنىڭدىن نېرىراق تۇرۇش تەلپىنى شىتەيگە دېگەن بولسىمۇ ، شىتەي : « كېلەر يىلى ئەتىيازدا

يولغا چىقىلىك » دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى .

1918 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى سېيىت نوچى ئۈچتۇرپاندىكى ئەھلى بۇرادەرلىرىگە ، قەشقەرگە جابدۇغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇلارنىڭ رازى ـ رىزالىقىنى ئېلىپ خوشلاشتى . بۇ خەۋەر ماشاۋۇۋنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ ئازادە سېزىپ قاتتىق بىر سىلكىندى ـ دە ، يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان يوغان تاغنىڭ چۇشۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئۇ دەرھال ھېيلىگەرلىك نىقابىنى كىيىپ ، بىر كۈنى قول چوماقچىلىرى بىلەن شىتەي لەڭزىگە كېلىپ ، سېيىت نوچى بىلەن شىتەينىڭ ئوردىسىدا كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلدى . شىتەي نوچىنى چاقىرتتى ۋە ئەترايىقا مەخپىي قاراۋۇل قويدى . ماشاۋۇۋ نوچىنى كۆرگەن ھامان ئورنىدىن قوپۇپ ، ئۇيغۇر رەسىم ـ قائىدىسى بويىچە ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى ، تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىدى . سېيىت نوچىمۇ چاندۇرماي جاۋاب بەردى .

— ئۆزلىرىنى كېتەرمىش دەپ ئاڭلاپ كۆڭلۈم تولىمۇ مالال بولۇپ كېلىشىم ، — دېدى مادارىن تۇلكىدەك ھىجىيىپ .

— شۇنداق ! سەپەرگە جابدۇپ قالدىم ، — دېدى سېيىت نوچى ئىرەنسىز ، — قەشقەرنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ ، ئەل ـ يۇرتنى سېغىندىم ، ئاتا ـ ئانا ، قان ـ قېرىنداشلارنى كۆرگۈم كەلدى .

— شۇنداق ، شۇنداق ، ئەلۋەتتە شۇنداق ، ئۇلارنى ھەم كۆرمەي بولمايدۇ . لېكىن ئۆزلىرىدەك بىر « دانىشمەن » نىڭ يېنىمىزدا تۇرماقلىقى زۆرۈر ئىدى ، مېنىڭچە ئۇلارنى ئۈچتۇرپانغا كۆچۈرۈپ چىقساق ياخشى بولار ئىدى ، — دېدى مادارىن مەيۈس قىياپەتتە .

— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت دارىن ! ئۇچتۇرپان بىزدەك مۇساپىرغا تارلىق قىلىۋاتىدۇ ، كەتمەيمۇ بولمىغۇدەك ، ئەگەر ئاتا - ئانىلار خالىسا كېيىنچە بىر گەپ بولار ، — دېدى سىيىت نوچى قوپالغىنا .

— ھەببەللى ! بۇ گەپلىرى جايىدا ، ئەلۋەتتە شۇنداق بولسۇن ، ئۆزلىرى بىزدىن زېرىككەنسىلە بىز زادى ئۆزلىرىنى دەيمىز — دېدى دارىن .

— « كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى كىملەرنىڭ ئالدىدا خار بولماپتۇ » دېگەن گەپ بار . ئۇچتۇرپاندىكى كۆپ كىشىلەر بىزنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋاتىدۇ . بىراق ئايرىملار قېتىغۇرلۇق قىلىپ ئۇچتۇرپاننى بىزگە تار قىلىپ قويۇۋاتىدۇ . ئەلۋەتتە پاتراق يولغا چىقاي ، « تۇرمىغان مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى » دەپتىكەن ، — دېدى نوچى .

— مېنىڭچە كەتمەي بىز بىلەن بىرگە ئىشلىسىلە ياخشى ئىدى ، — دېدى مادارىن كۆزى قىيمىغان بولۇپ ، — لېكىن - زە ، ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھرىبانلىقنىڭ يىپىنى ئۈزگىلى بولمايدۇ - دە ! بولمىغاندا ، خىزمەتلىرىنى يۆتكەپ بەرسەك ، قەشقەرگە بارغاندا ، جۇدوتەي جانابلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا بولسىلا ياخشىمىكىن دەپ ئويلايمەن .

— رەھمەت ! خىزمەتنىڭ لازىمى يوق ، بۇ يەردە پەقەت ھاجەت بىلەن ئىشلەپ قويدۇق . پۇقرا بولغىنىم مىڭ ئەۋزەل ، — دەپ رەت قىلدى نوچى .

— شۇنداقتىمۇ مەن دوتەي جانابلىرىغا سالام خەت بولسىمۇ يېزىپ بېرەي ، ئۆزلىرىدەك ئىشەنچلىك ئادەم ئاز تېپىلىدۇ ، يولغا چىقىش ئالدىدا خوشلاشقىلى كېلەرمەن ، ھازىرچە خەير ، — دېدى

مادارىن ئارقىسىغا يېنىپ .

سېيىت نوچى مېڭىشقا تەييارلاندى . بىر ئاتقا يۈك ـ تاق ئارتتى ، بىر ئاتقا ھۆسنارخاننى مىندۈردى ، يەنە بىرىگە ئۆزى مىندى ھەمدە مادارىننىڭ يېزىپ بەرگەن خېتىنى ئالدى ـ دە ، مەھەممەت ئىمىن شىتەي ۋاڭ غوجام ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ، ئۆز يار ـ بۇرادەرلىرى جۆملىدىن ئەل يۇرت بىلەن ۋىدالىشىپ ، قاقشالنىڭ يولىنى بويلاپ قەشقەرگە ئاتلاندى .

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئۇچتۇرپاندىن چىقىپ ئىككى كۈن قاتتىق يول يۈردى ، يۈرگەندىمۇ تېز يۈردى ، ئاتلار ئۆزۈك ، يول جاپالىق ، ھەقىقي « قاقشال » ئىدى . ئۇلار « قاراگو » دېگەن يەردە قونۇپ قالدى . ئەتىسى ناماز ۋاقتى بىلەن يولغا چىقىپ ئۈچىنچى قونالغۇغا بارغاندا يېنىغا قارىغۇدەك بولسا ، مادارىننىڭ جۇدوتەيگە يېزىپ بەرگەن خېتىنى چۈشۈرۈپ قويغانلىقى مەلۇم بولدى ( ئۇ خەتتە نېمىلەر يېزىلغانلىقى بىزگە قاراڭغۇ ) . خوتۇنى بۇ ئىشقا پىسەنت قىلماي ، « چۈشۈپ قالسا مەيلى ئەمەسمۇ ؟ ئاۋارە بولۇش ھاجەتسىز » دېدى . بىراق سېيىت نوچى :

— ياق ، مۇسۇلماننىڭ ئىشى — ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق ، مەن تېپىپ كېلەي ، — دېدى ـ دە ، ئايالىنى بىر قىرغىزنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ، ئارقىسىغا يېنىپ ئىككىنچى قونالغۇغا ناماز ۋاقتى بىلەن يېتىپ باردى . قامچا دەستىسى بىلەن توپىلارنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ يۈرۈپ ئاخىر خەتنى بوران ئۇچۇرۇپ كۆمۈپ تاشلىغان يەردىن تېپىۋالدى . ئۇ شۇ يەردە ئاتنى ئوت چالدۇرۇپ ، يەنە يولغا راۋان بولدى . تۆتىنچى قونالغۇدا ، نوچى چۈشىدە بىر پاي ئۆتۈكنىڭ سۇغا چۈشۈپ ئېقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەچكە قايتا

ئۇخلىيالماي تاڭنى ئاتقۇزدى . ئەتىسى يولغا چىققاندا ، نوچىنىڭ باشقىچىرەك كەيپىياتتا بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن ئايالى ئۇنىڭدىن سورىدى :

— مىجەزلىرى يوقمۇ نىمە ؟

— ياق ، ئۇنداق ئەمەس .

— مەندىن رەنجىپ قالدىلىمۇ - يە ؟

— ئۇچتۇرپاندىن ئايرىلىش ئالدىدىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، چۈشۈمدە ئۆزۈمنى بېشىم تېنىمدىن باشقا كۆردۈم . بۇگۈن كېچە ، بىر پاي ئۆتۈكۈم سۇدا ئېقىپ كېتىپ چۈشەپ قاپتىمەن . قارا باستىمۇ نىمە ، بىلەلمىدىم ، — دېدى سىيىت نوچى جاۋابەن .

— خۇدا ئۆزى ئامان قىلسۇن ! قارا باسقان ئوخشايدۇ ، بىرەر كىشى ئۇچرىسىمۇ سادىغا بەرسەك ، — دېدى ئايالى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار گەپ - سۆز قىلىشماي يولغا راۋان بولدى . سىيىت نوچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ئىدى .

1981 - يىل 10 - ئاي

# شەپقەتلىك ئامبال

1942 ـ يىل يانۋار ئايلىرى ، قەدىمىي ديار ئۇچتۇرپان شىۋىرغان ئىلكىدە مۇڭ بىلەن ئىڭرايتتى . قارا بۇلۇتلار كېچە ـ كۈندۈز توختىماي لەپىلدەپ قار تاشلاپ يېزا ـ قىشلاق ، تاغ ـ دەريالارنى ئاپئاق لىباس ئىچىگە چۈمكىگەن ئىدى . بۇ شەھەرنىڭ ئالتۇن تاجىسى سۈپىتىدە مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۆلجەر تاغ قەلئەسىمۇ ئۇچىسىغا خالات كىيىۋالغان بولۇپ ، ئاقباش تەگرىتاغ تىزمىلىرىغا مەيۇس كۆزى بىلەن قاراپ سۈكۈتتە تۇراتتى . ئۇچتۇرپان ياملى سېپىلىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى كېچە ـ كۈندۈز قىيا ئوچۇق تۇراتتى . ھەر كۈنى نەچچە يۈز هارۋا ھەم ئېشەك كارۋانلىرى ئۆتۈپ ، بېدە ، سامانلارنى ئارتىپ ياملى بەگلىرى ۋە دورغىلارنىڭ ئات تۆۋستىدە غادىيىپ ئولتۇرۇپ قامچىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ كېلىشى ئاستىدا قارا دەرۋازىدىن كىرىپلا غايىب بولۇپ كېتەتتى . ئاچ ـ يالىڭاچلىق ئازابى ئىچىدە قاتتىق سوغۇقتا توڭۇپ كەتكەن بۇ بىچارىلەر ئاشۇ قارا دەرۋازىدىن يانغاندا ، ئەسكى لاپاس ، چەللەر بىلەن تولۇپ كەتكەن رەستە ـ كوچىلاردا ئېشەكلىرىنى ئالدىغا سېلىپ ، مايسىراپ كەتكەن هارۋىلىرىنى ھەيدەپ ، كوچىغا پاتمىغان ھالدا ئالدىراپ چىقىپ كېتىشەتتى . كەچ كىرىشى بىلەن ئەجدىھادەك ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان قارا دەرۋازا سەل بوشىغاندەك قىلسىمۇ ، ئالاقزادىلىك ۋە ئەجەل ۋەھىمىسىدە تىنىمسىز تىپىرلاپ يۈرگەن دۈبەن چېرىكلىرى كوچىلارغا يامراپ كېتىشەتتى ، بۇ چېرىكلەرنىڭ بەزىلىرى

جىسەكچى، بەزىلىرى كىچە قاراقچىلىرى ئىدى.

يانۋارنىڭ بېشىدا يامۇل ئىچىدە: «يېڭى ھاكىم كېلىدىكەن» دېگەن گەپلەر پەيدا بولۇپ، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا كوچىغا تارقالدى. ھەممىلا ئادەم: «يېڭى ھاكىم كېلەرمىش» دېگەن گەپلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولۇشۇپ كەتتى.

دېگەندەك، يانۋارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يېڭى ھاكىم كېلىپ، ئىش تاپشۇرۇپ ئالدى. يامۇلنىڭ ئىچى ئۆزىچىلا زىلزىلىگە كېلىپ، بەگلەر، ئەسكەر باشلىقلىرى ئارقا - ئارقىدىن سالامغا كىرىشتى، دوغا، پاششاپ، شاگىۋۇلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن سوۋغا - سالاملىرىنى قىلىپ كېلىشتى. لېكىن يېڭى كەلگەن ئامبال بۇ نەرسىلەرگە نەزەر سالماي يۇرت ئەھۋالىدىن سوئال - سوراقلارنى باغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ جاۋابلىرىنى ئاڭلاپلا ئۇزىتىپ قوياتتى.

يېڭى ھاكىم كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ سەھەر تۇرۇپ، گۈزەل سەيلىگاھ توققۇزبۇلاقنى ئايلىنىپ، ئاندىن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، شەھەر مەنزىرىسىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولدى. ئۇ، ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئامباللارغا ئوخشاش كەينىگە مۇھاپىزەتچى سېلىپ ھەشەم كۆرسىتىپ يۈرمەيتتى. ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە يېڭى ھاكىم شەھەر ئىچىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن يامۇلنىڭ تۆگىچىسى ئىمىن بەگنى ئېلىپ يامۇلدىن چىقتى. ئۇ سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقىپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دەرۋازا ئۈستىدىكى چاسا رامكا ئىچىگە ئېلىنغان، ئاجايىپ پاسون چىقىرىپ ئويۇپ يېزىلغان خەنزۇچە ھۆسن خەتكە كۆزى چۈشتى - دە، باشتىن ئاخىر - ئوقۇپ چىقىپ، سول يېنىدا

ھاڭۋىقىپ تۇرغان تۇگچىدىن سورىدى :

— ئاۋۇ خەت نېمىدەپ يېزىلغان ، بىلەمسىز بەگ ؟

— ياق تەقسىر ، مەن ئۇ خەتنى بىلىدىغان بولسام ، دوتەي يامۇلىغا تۇگچى بولاتتىم ھى ... ھى ...

— ھە ، مۇنداق دەڭ ... بىلمىگىنىڭىز ئۈچۈن ماڭا قالغان ئىكەنسىز - دە ؟ ، ياش ئىكەنسىز ، ياخشى ئۆگىنىڭ ، — دېدى ھاكىم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ، — بۇ سېپىلگە قانچە يىل بولغان بىلەمسىز ؟

— ياق بىلمەيمەن ، — دېدى تۇگچى دۇدۇقلاپ . ھاكىم ئۇچتۇرپان سېپىلىنىڭ ياسىلىشقا باشلىنىشى ۋە پۈتكەن يىلنامە خاتىرىسى پۈتۈلگەن بۇ خەتلەرنى ئوقۇۋاتقاندا ، تۇگچى ئۆزىنىڭ ھاكىم ئالدىرىماي ئوقۇۋاتقان خەتلەرنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمىگىنىنى ئېيادىلەپ ، سوئال نەزىرىدە قاراپ تۇرۇۋەردى . ھاكىم بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ ، ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا « گۇاڭشۈينىڭ 18 - يىلى پۈتكەن » دېگەن ئىبارىنىلا ئېسىگە ئالالىغاندەك ئىپادە قىلدى - دە ، ھاكىمنىڭ « تېخى بۇ سېپىل سېلىنغىنى ئانچە ئۇزاق بولماپتۇ » دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئەگەشكىنىچە شەھەر كوچىسىغا كېتىپ قېلىشتى . يېڭى ھاكىم قار - مۇزلارنى دەسسەپ ئاشپەز ، ناۋاي ، قاسساپ . سودىگەر ھەم كۆزى كۆرگەنلا تىجارەت ئەھلى بىلەن سالاملاشتى . بەزىلىرىدىن ھال سورىغاچ ، ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىغىمۇ بېرىپ تونۇشۇش ، دوكلات ئېلىش بىلەن بىر كۈننى ئۆتكۈزدى .

يېڭى كەلگەن ھاكىمنى ئىككى ھەپتە بولمايلا شەھەردىكى ھەممە كىشى تونۇپ كەتتى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەن - بىلىمنى ياقتۇرىدىغان ، تەرەققىياتنى ياقلايدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى يېڭىچە

مائارىپقا ئەمدىلا قەدەم قويغان ياش ئوقۇتقۇچىلار ۋە يېڭى مەكتەپنىڭ غۇنچە - پورەكلىرى ئوڭايلا تونۇۋالغان ئىدى. يېڭى هاكىم ئىشقا كىرىشكەندىن باشلاپلا مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تۇتۇپ ئىشلەشكە باشلىغانلىقتىن مەكتەپلەر كۆپىيىپ، سانايى نەپىسىگە ئۇل هازىرلىنىشقا باشلىغان ئىدى. يېڭى هاكىم مارت ئېيىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن ناهىيىنى تولۇق ئارىلاپ چىقتى. ئۇ ئاچىتاغ رايونىغا بارغاندا، دېهقانلارنىڭ «جايتاغ» دا بولىدىغان نورۇز بايرىمىدىكى چاقپىلەك ئويۇنى، ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش قاتارلىق ئويۇنلىرىنى قىزىقىپ كۆردى ۋە ئەنئەنىۋى بايرام ئويۇنلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىملىقىنى تاپىلاپ قايتتى.

1 - ئاپرېل كۈنى ئۇچتۇرپان بايرام تۈسىگە كىرگەن بولۇپ، شەهەرنىڭ جەنۇبىي تېمى سۈپىتىدە تۇرغان قولتۇق تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تۈپتۈز كەتكەن ۋەخپە يەر «بېدىلىك» دېگەن جايدا ھەشەمەتلىك سەھنە تۈزۈلۈپ، پۈتۈن شەهەر ئەهلى، ئوقەتچىلەر، سودىگەرلەر كۆچۈپ چىققاندەكلا مەيدان ئەتراپىنى باياشات بازارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. يېڭى هاكىم سەهنىگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ بېشىغا يازلىق شىلەپە، ئۇچىسىغا قارا چەكمەندىن تۆت يانچۇقلۇق كالتە پەشمەت، قارا شىم؛ پۇتىغا سەل نېمكەش بولسىمۇ مايلاپ پارقىرىتىۋالغان قىزىل شىبلىت كىيىۋالغان ئىدى. يىگىتلەردەك ياسىنىۋالغان بۇ تېتىك، روهلۇق كىشى ئاقسۇ مائارىپ ئىدارىسىدىن ئۇچتۇرپانغا هاكىم بولۇپ كەلگەن يولداش لىن جىلۇ ئىدى. ئۇ، ئوتتۇرا بويلۇق، قارامتۇل، ئورۇق، ۋىجىكرەك كەلگەن؛ زېهنى ئۆتكۈر، جۇشقۇن، روهلۇق، لېكىن چىرايىدىكى يوشۇرۇن كېيسەلچانلىقنى غەيرەت - شىجائىتى بېسىپ چۈشۈپ تۇرغان؛

قارىماققا 40 ياشلاردىن ئۆتكەن كىشىدەك كۆرۈنىدىغان خىيالچان، تەمكىن ئادەم ئىدى. مەيدان جىمجىتلىققا چۆمۈپ كەتكەن بولۇپ، لىن جىلۇ ھەممە كىشىنىڭ يىڭنىچە مائارىپقا يۈزلىنىپ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىگىلەپ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلەپ، داقا - دۇمباقلار ياڭرىغان ئالقىش سادالىرى ئىچىدە نۇتقىنى تاماملىدى... ئاپرېل بايرىمى ئۈچ كۈن داۋام قىلىپ، كىشىلەر قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز يادنامە بولۇپ قالدى.

ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدا، ئاقيار بازار مەكتەپتىن كەلگەن بىر پارچە خەت لىن جىلۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ خەتتە بىر مۇنچە قۇرۇق گەپلەردىن كېيىن، چوڭ ھەرپلەر بىلەن: «مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇراخمان غوجەش ‹ئالتە بۈيۈك سىياسەت› نى قارىلايدىغان ئىغۋالارنى تارقاتتى، دۆلەت جانابلىرىنى ھاقارەتلىدى...» دېگەن شىكايەتلەر يېزىلغان ئىدى. يولداش لىن جىلۇ ماي ئېيىنىڭ ئالدىنقى كۈنلىرى خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن يامۇلنىڭ ئادەتتىكى تۇخچىسى ئىسمائىل بەگ بىلەن ئىككى نەپەر دورغىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاقيارغا چىقتى... ئۇلار ئاقيارغا يېتىپ بېرىپ، بازار ئىچىدىكى مامۇت گەيجاڭ دېگەن ئادەمنىڭ ھويلىسىغا چۈشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە مامۇت گەيجاڭنىڭ ھويلىسى ئادەملەر بىلەن تولۇشقا باشلىدى. بەزىلەرنىڭ ئەرز - ھالى بار ئىدى، بەزىلەر يېڭى ھاكىمنى كۆرۈش ئۈچۈن، يەنە بەزىلەر ئۆز مەنسەپلىرى بىلەن «ئامبال» غا تونۇلۇش مەقسىتىدە كەلگەن ئىدى. لىن جىلۇ ھەر قايسىسىنى ئۆز لايىقىدا كۈتۈپ ئالدى. لىن جىلۇ پېشايۋان سۇپىسىغا سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە پۇتىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. ئاش

ۋاقتى بولغاندا، مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى كىرىپ كەلدى، لىن جىلۇ ئورنىدىن قوپۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتى. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئەھۋالى، خىراجىتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى قاتارلىق ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن سورىدى:

— مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇراخمان قايسىڭلار؟

— خوش، مەن بولىمەن، — 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ ... ئوتتۇرىغا چىقتى.

لىن جىلۇ يەنە بىرەيلەننىڭ ئىسمىنى چاقىرغان ئىدى، 37 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەپەندى مەغرۇرلۇق بىلەن توپتىن چىقىپ ئالدىغراق ئۆتۈپ، قول باغلاپ تۇرۇپ:

— مانا مەن، ھاكىم جانابلىرى، — دېدى.

— مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇراخماننىڭ ئۈستىدىن ماڭا ئەرز يازغان سەنمۇ؟

— خوش، خوش، مە ... مەن.

— ھە، ئابدۇراخمان، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» كە تىل تەگكۈزگىنىڭ، دۈبەنگە تىل تەگكۈزگىنىڭ راستمۇ؟

— مۇنداق غەلىتە گەپلەردىن خەۋىرىم يوق، — دېدى مۇدىر.

— ھە ئەپەندى، گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟

— يوق تەقسىر، ئۆزۈم گۇۋاھ.

— قەيەردە، نېمە ئۈچۈن دېدى؟

— ھە، ئۇ ماڭا شۇنداق دېگەن.

ھويلىدىن مەسخىرىلىك كۈلكە ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، شۇ ئەسنادا 20 ياشلاردىكى بىر مۇئەللىم رۇخسەتسىزلا

ئوتتۇرغا چىقىپ، ئەدەب بىلەن:

— ھاكىم جانابلىرى، ئۇنىڭ گۇۋاھچىسى يوق، پوتونلەي يوقىلاڭ گەپ، تۆھمەت، — دېدى.

— دەلىل - ئىسپات سۆزلەڭ، — دېدى ھاكىم.

— يېڭى كەلگەن مۇدىر بالىلارنى قاتتىق ئۇرۇشنى چەكلىدى. بۇ «جاناب» كۈندىلا كەم دېگەندە ئون بالىنى ئۇردۇ. مۇدىر ئۇنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ ئاگاھلاندۇرغان. مېنىڭچە شۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى، بىز بالا ئوقۇتۇشتىن باشقا غەيرىي گەپلەرنى قىلىپ يۈرمىدۇق، — دېدى ھېلىقى ياش ئوقۇتقۇچى.

— ئەرز بەرگۈچى ئەپەندى، ئەمدى نېمىدەيسىز؟

ئۇ يەرگە قاراپ گۆشىيىپ تۇراتتى.

— يالغان ئەرز بەرگىنىڭنى ئىلىك ئالامسەن؟

— ...

— ئۇنداق بولسا ئابدۇراخماننىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە سەن قايىلمۇ؟

— خوش، بىلمەپتىمەن ھاكىم جانابلىرى، — دېدى ھېلىقى ئوقۇتقۇچى لىن جىلۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن يېنىش - يېنىش كەچۈرۈم سوراپ.

— باشقىلارغا قارا چاپلىغان گۇناھىڭ ئۇچۈن سېنى يامۇلغا قامايمەن، — دېدى ھاكىم كەسكىن ھالدا. ئۇنىڭ ئالدىدا يەرگە ئۇسسۇۋاتقان مەلئۇننى شۇ ھامان دورغىلار ھەيدەپ يامۇلغا يۈرۈپ كەتتى.

* * *

ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ بەش ئايغا يەتمىگەن خۇشاللىقى، خاتىرجەملىكى قايىنىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك لەسسىدە پەسلەپ

كەتتى . ھاي ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى دۈبەن مەھكىمىسى يولداش لىن جىلۇنى چاقىرىپ كەتتى . مۆلجەر تاغ ئۈستىدە يەنە قارا بۇلۇت ئەگىشكە باشلىدى . بەگلەرنىڭ قانلىق قامچىسى ئارام تاپماي كەمبەغەللەرنىڭ شىللىسىدە ئوينايدىغان بولدى . قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ مائارىپچىلار ئىچىگە قويغان جاسۇسلىرى ئاقيار مەكتەپتىكى ھېلىقى جاسۇسنىڭ قامىلىشى بىلەن شۇمشىيىپ قېلىشقان ئىدى . ئەمدى ئۇلار قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ يايراپ ، زىيالىيلارنىڭ شىللىسىگە يۈت ئالىدىغان بولۇپ كېتىشتى . ئۈچتۇرپان خەلقى مۆلجەر تاغ ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلغان شۇڭقارنىڭ قاباھەت قەپىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى . كېيىنرەك ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسىنى ئاڭلىغانلار يۈرىكىدە ماتەم مۇزىكىسى چالدى . ئۈچتۇرپان خەلقى ھازىرغا قەدەر يولداش لىن جىلۇنىڭ نامىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي : « بەش ئاي ئىچىدە 500 پاتمان ياخشى ئىش قىلغان شەپقەتلىك ئامبال ئىدى » دەپ ئەسكە ئېلىشىدۇ .

1984 - يىل 10 - ئاي ، ئۈچتۇرپان

# « بالداق سوپى »

## 1

يېقىندىن بېرى بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئەكرەم ئۇستىغا كىشىلەر « بالداق سوپى » دېگەن لەقەمنى قويۇشۇۋاپتۇ. بۇ ئاز كەلگەندەك، مەھەللىنىڭ كەپسىز ياشلىرى تېخى ئۇنى « ئەكرەم بالداق » دەپمۇ ئاتىشىدىكەن. بىزمۇ ئەمدى ئەل قاتارى ئەكرەم ئۇستىنى « بالداق سوپى » دەۋېرەيلى. بالداق سوپى 55 ياشلاردىن ئاشقان، ئوتتۇرا بوي، ئاق سېرىق، چېقىر كۆز بىر ئادەم بولۇپ، يېقىندىن بېرى ئۇ « تەقۋادارلىقى » نى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئالا بالداق ئۇزۇن تون، ئىسكالاچ مەسە كىيىپ، بېشىغا كىرلىشىپ كەتكەن سارغۇچ داكىدىن سەللە ئوراپ، « ئەدەب - ئەركان » بىلەن ئۆزىچە دۇمچىيىپ مېڭىشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭچە يەرگە قاتتىقراق دەسسىۋەتسە « يامان » بولارمىش. ئۇ ئەيۋاشقا كەلمەيدىغان شالاڭ ساقاللىرىنى مەيلىگە تاشلاپ يۇرۇۋېرىدىغان پەجمۇدە ئادەملىكىگە قارىماي، ئادەتتە ئالدىراپ باشقىلارنى ياراتمايتتى. قارىغاندا، ئۇنىڭغا قويۇلغان لەقەملەر ھەممىشە دېگۈدەك دەل جايىغا چۈشىدىكەن. مەن ئەقلىمگە كەلسەم، مەھەللىدىكىلەر بۇ ئادەمنى « ئەكرەم شوپاڭ » دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۇمۇ نامىغا مۇناسىپ كۈندە دېگۈدەك ھەرق مەست يۈرەتتى. قولىدىن تۈنىكىسازلىق، تۆمۈرچىلىك ھۈنەرلىرى قېچىپ

قوٗتوٗلالمايدىغان بوٗ ئادەم بىر ھوٗنەرنى بىسىپ قىلماي ، باشقىلار ئالدىدا چاكىنىلىشىپ يوٗرەتتى . ناۋادا ئوٗ ، ھەپتە ئارىلىقىدا بىرەر كوٗن ئىچەلمەي قالسا ، بوٗ پوٗرسەتتە مەھەللىدىكى باللارنى ئەتراپىغا ئولاشتوٗروٗۋىلىپ ، ئەينى چاغلاردا مەدداھلاردىن ئاڭلىۋالغان « ھەزرىتى ئىلى ھەققىدە جەڭنامە » ، « يوٗسوٗپ ئەھمەد ھەققىدە قىسسە » لەرنى قاملاشتوٗروٗپ سۆزلەپ بىرەتتى . ئوٗ قىسسەلەردە ئوٗچرايدىغان مەشھوٗر زاتلارنىڭ نامىنى ئاتاشقىموٗ ئاجىز بولوٗپ ، « ھەزرىتى ئىلى » دىگەن نامنى « ھەزىتىلىم » ، موٗھەممەت پەيغەمبەر » دىگەن نامنى « مەخەممەت پەيغەمبىرىم » دەپ بوٗزوٗپ سۆزلەيتتى .

## 2

ياشلىق باھارىنى ئەنە شوٗنداق بىھوٗدە ئۆتكوٗزوٗۋەتكەن بالداق سوپى بىر كوٗنى چوڭ ئوغلى ئەنۋەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالدى . ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قوٗدىسىنىڭ ئۆيىگە مىھمان بولوٗپ كەتكەن ئىدى . ئوٗ ، ھوٗجرىغا كىرىش بىلەن چوڭ ئىشكاپنىڭ ئەينىكىدىن ئۆزىنى كۆروٗپ قالدى . يوٗزى قازان يوٗغوٗچتەك قوروٗلوٗپ كەتكەن ، چاچ - ساقاللىرى خىلىلا ئاقارغان ، ياشلىقىدا چەككەن ساناقسىز بەڭ بىلەن ھەددى - ھىسابسىز ئىچىلگەن هاراقنىڭ يالدامىسى — خوٗمدان چالمىسىدەك سارغىيىپ كەتكەن شالاڭ كۆتمەك چىشلىرىنى كۆروٗپ چوڭقوٗر بىر ئوٗھ تارتتى .. دە ، روھى ئاسماندىن يەرگە چوٗشوٗپ كەتتى . « ھەي ، ئەمدى بىر كوٗنى ئەمەس بىر كوٗنى ... ھەي ئەجەل ، بىر پوٗتوٗڭ گۆرگە ... » دىدى ئۆز - ئۆزىگە . شوٗنىڭدىن كىيىن ئىچىگە قورقوٗنچ

كىرىۋېلىپ خۇنى ئۆچۈۋاتقان چېقىر كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن شەرىئەت يولىنى تۇتماقچى بولدى . ئەتىسىدىن باشلاپ ئايالىغا بىر تاغار ۋەز ئېيتىپ ، بۇنىڭدىن كېيىن سەدرە بولۇشى لازىملىقىنى جېكىلىدى . « شەرىئەت ئەھكاملىرى » دىن بىر تاغار چۈشەندۇردى .

— قىزىڭغىمۇ نەسىھەت قىل ! — دېدى ئۇ يەنە ، — ئەمدى مەكتەپكە بارمىسۇن ، قىز بالا دېگەن كۈلۈك بىلەن بۇلۇڭنىڭ بەندىسى بولسا ساۋاب بولىدىكەن ، ئۇلار يەتتە ياشتىلا بالاغەتكە يېتىدىكەن ئەمەسمۇ ؟ ! مەن بۇرۇن ئىشلارنى بىلمەي يۈرگەن ئىكەنمەن ، قىز بالا دېگەننى تالا - تۈزگە چىقىرىپ قويسا « نامەھرەم » ئىكەن . قاراڭلا خوتۇن ، ئۆزىكەنكى ... « بۇ گەپلەر نەدىن چىقىدىكەن » دېسەك ، كىتابىي رەسۇلدىن چىقىدىكەن . بۇ گەپلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان خاسىيەتخان ئاچىنىڭ قوشۇمىسى بىراقلا تۈرۈلدى .

— « قېرىغاندا قېرى تاتۇق ، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق » دېگەن گەپ بىزنىڭ ئۆيدە راست بولىدىكەن - دە ؟ ! — دېدى خاسىيەتخان ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ، — مېنى بۇ شەھەردە كىم بىلمەيدۇ ، ياش ۋاقتىمدا سوراق قىلماي نەگە بارغان ئىدىلە ؟ ئەمدى بۇ دېمەتلىك بولغاندا كىملەرگە نامەھرەم بولاتتىم ؟ — دېدى - يۇ ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . ئۇ يەنە نېمە گەپلەر چىقىرىدىكىن دېگەندەك ئېرىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇراتتى .

— ھەي چېچى ئۇزۇن ، ئەقلى قىسقا دوزىخى ! ھېلىزە مېنىڭ لەۋزىمنى ئاڭلىماس بولۇپ كەتتىڭمۇ ؟ — سورىدى ئايالىنىڭ جاۋابى ۋە مەسخىرىسىدىن قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ سەپراسى ئۆرلىگەن بالداق سوپى .

— بىر ئۆمۈر قاۋاقتىن چىقمىغان ئادەم « دوزىخى » بولماي، مەن ... ؟

— ئاغزىڭنى يۇم !

— « قىرىنغاندا ئىتنىڭ تېزىنى كۆردۈم » دېگەندەك ، مەن يۈزۈمنى يېپىپ كوچىغا چىقسام كىشىلەر نېمىدېيىشەر ؟ ! خەير بوپتۇ ، بۇمىغۇ بىر گەپ . ئەمما دۇنيالىقتا ئاران چوڭ قىلىۋاتقان يالغۇز قىزىم ئايجامالنى مەكتەپتىن زادى قالدۇرمايمەن ، — دېدى خاسىيەتخان زەردە بىلەن .

— بىلەمسەن ؟ « ئەر كىشىنى خوتۇن خەقنىڭ يېرىم خۇداسى » دېگەن گەپ بار ، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى بالداق سوپى كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ، — مەن ھازىر مەسچىتتى شىرىپىگە بېرىپ بەش ۋاخ ناماز ئوقۇۋاتىمەن ، بىلدىڭمۇ ؟ ئەگەر ئۆزىڭنىڭكى ، قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئايى بەنت قىلىۋەتسەم ، قىيامەت كۈنى چەپ يېنىمدىن سۈرىتى مۇبەددەل بولۇپ قوپىسەن ، ئۇ چاغدا ئۆزى ، تەرىڭگە قاراپمۇ قويماي جەننەتتىكى ھۆر - پەرىلەرنىڭ ئوڭ قولىدىن تۇتۇپ جەننەتكە ئۆزۈملا كىرىپ كېتىمەن .

— مەرھەمەت ! — دېدى خاسىيەتخان ئۆپىنى ئېچىۋەتكۈدەك ئاۋازدا تېلىقىپ كۈلۈپ ، — پىيەنچۈكلەرگە خېرىدار بولىدىغان ھۆر - پەرىلەر بولسا سىلىنى ئىككى قوللاپ تۇتتۇم .

— ئەستاغپۇرۇللا ! ... ھېلى بىكار چىشلىرىڭنى يەردىن تىرنىۋالىسەن جۇمۇ ؟ ئىمانسىزلىق قىلما دەيمەن !

— ئىمانسىزلىقنى سەن قىلىۋاتىسەن ! ...

غەزىپى ئۆرلەپ كەتكەن سوپى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ

ئوچاق ئالدىدىن بىر تال پىرىندىنى ئېلىپ خاسىيەتخانىنى راسا بىر ئەدەبلىمەكچى بولۇۋىدى، «ھاي! بەس ئەمدى!» دېگەن جاراڭلىق بىر سادا ئۇنى ھەرىكەتلىنىشتىن توختاتتى. ئورا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئارقىغا قارىغان بالداق سوپى چوڭ ئوغلى ئەنۋەرنى كۆردى.

— دادا! — دېدى ئەنۋەر غەزەپ ئارىلاش تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — مەن كىرىپ قالمىسام ئانامنى مۇشۇ ئوتۇن بىلەن ئۇرامتىڭ؟ — ئوتۇننى دادىسىدىن ئېلىۋالدى، — دادا، ئەمدى ئانام تاياق كۆتۈرەلمەيدۇ. كېلىنلەرنىڭ، قوشنا - قولۇملارنىڭ ئالدىدا نومۇس قىل!

— ھەي تۇزكور بەتبەخلەر! — دېدى بالداق سوپى بولارغا ئەمدى تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ ۋە ساقاللىرىنى تۇتاملاپ «خەپ!» دېگىنىچە تالاغا قاراپ يول ئېلىپ.

**3**

ئۆيدىن «يامانلاپ» چىققان بالداق سوپى «ئېتىكاپتا» ئولتۇرۇش باھانىسى بىلەن مەسچىتتە يېتىۋالىدىغان، بالىلىرى ئىزدەپ بارسا «كاپىر!» دەپ ھەيدىۋېتىدىغان، تاماق كۆتۈرۈپ بارسا قوبۇل قىلمايدىغان بولۇۋالدى. ياز كۈنلىرى ئاخىرلىشىپ، گەجگىنى قورۇيدىغان كەچكۈزمۇ يېتىپ كەلدى. بىر - ئىككى ئايدىن بېرى ئۈچىنچى ئوغلى بەختىنىڭ ھەر ھەپتىسى بېرىدىغان پۇللىرىمۇ بالداق سوپىنىڭ شىللىسىنىڭ قورۇلۇشىنى پاناھداپ قالالمىدى. ئۇ ئۆيگە قايتاي دېگەن، نىيەتكە كەلگەن بولسىمۇ، ئاران بىر ئاتانغاندا جامائەتنىڭ ئۆزىنى «ئىمانى سۇس ئىكەن»

دېيىشىدىن ھەزەر قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇ مەسچىتكە مەزىن بولۇش خىيالى كاللىسىغا كىرىۋېلىپ كۈچلۈك ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويغان ئىدى. شۇ ئارىدا پۇرسەتنى كەلتۈرۈپ مەزىن ئاخۇنۇمنى ئىمام ئاخۇنۇمغا بىر قانچە قېتىم چېقىشتۇرۇپمۇ ئۈلگۈردى. «ئەگەر مەزىن بولۇۋالسام، ئانچە - مۇنچە تاپاۋەتمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. بەزى چۈشى بۇزۇلۇپ قالغان ھاماقەت ئادەملەرنىڭ گېلىنى شەيتان بوغۇپ پوشكال، قۇيماق، ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ پۇل دېگەن ... ھە، يەنە مەسىلەن: ‹ئاللاھۇ ئەكبەر!› دەپ بەش ۋاخ ۋارقىراپ قويۇش نېمە تەس» دېگەنلەرنى بىر - بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ كۈلۈپ قويدى. بالداق سوپىنىڭ مۇنداق ئىخلاسى بىلەن «ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشى» ئىمام ئاخۇنۇمىسىمۇ سەل ئېرىتىپ قايىل قىلىۋالغان چېغى، بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن ئۇنى تەرەتكە سۇ ئىسسىتىدىغان ۋەزىپىگە تەيىنلەپ قويدى. بۇ ئىشقىمۇ جامائەت ئازدۇر - كۆپتۇر ئاتىغانلىرىنى بېرەتتى. ئەمدى ئۇ كېچە - كۈندۈز ئايرىلمايدىغان ئىسسىق ئۆيگە ئېرىشىۋالغان ئىدى.

«ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، دېدى ئۇ ئۆزىچە، — ئىمام ئاخۇنۇمغا ئىنساپ - تەۋپىق بەرگەيسەن، مەزىن بولۇشىمۇ نېسىپ بولار». بالداق سوپى شۇ كۈندىن باشلاپ مەزىناخۇنۇمدىن قۇسۇر ئىزدەشكە نىيەت باغلىدى. ئارىدىن مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، خۇپتەن نامىزىغا كەلگەن جامائەتنىڭ يېڭى - يېڭى مەسە كالاچلىرى غايىب بولۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. مويسىپىتلار يالاڭ مەسە بىلەن قار - مۇزلارنى دەسسەپ ئۆيلىرىگە قايتىدىغان بولۇشتى. ئۇنىڭ ھەر كۈنكى نامازدا ئارقا سەپتە «مىسكىنلىك بىلەن جىم ئولتۇرۇش» نى كۆپ كىشىلەر كەم سۇپەتلىك دەپ

بىلەتتى . پات - پاتلا قارىيلار قۇرئان تىلاۋەت قىلغاندا بالداق سوپى « ھۇ » تارتىپ بۇقۇلداپ يىغلاپمۇ كېتەتتى . ئىمام ئاخۇنۇمدىن ئۆزگە ھېچ كىشى بۇ ئادەمدىن ھەزەرمۇ قىلىشمايتتى .

يانىۋارنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتمەكتە ئىدى . كىشىلەر نامازنى تېززاق ئوقۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشنى ئويلايتتى . ئىمام ئاخۇنۇممۇ ياشىنىپ قالغاچقا ئانچە ئۇزاق ئەمر - مەرۇپ قىلمايلا سوغۇقتىن شۈمشەيگىنىچە ئۆيگە قايتتى . ئۈچ كېچە - كۈندۈز توختىماي ياغقان قار يەر - زېمىننى قاپلىدى . بالداق سوپى كۈندىكى ئادىتى بويىچە بۈگۈنمۇ مېھرابتىن تۆت قەدەم يىراق ئولتۇرۇپ تەسۋى سىيرىماقتا ئىدى . ئۇنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن سەللىسىنىڭ پەتتىسى يەلكىسىدە ئىككى تەرەپكە نازغىپ ، بېشىغا ماسلاشقان ھالدا توختاۋسىز ھەرىكەت قىلاتتى . ئەل ئايىغى بېسىققان پەيتنى كۈتۈپ تۇرغان بالداق سوپى جامە تۈۋرۈكىدىكى بىر تال مىخقا ئېسىقلىق ، سۇس پىلىلداپ يېنىۋاتقان جىن چىراغقا قارىغان بولۇپ ئەتراپنى ئوبدان كۆزەت قىلىۋالدى . ئەتراپ جىمجىت ئىدى . ئۇ ئەمدى ئۆمىلىگەن پېتى مېھراب تەرەپنى كۆزلەپ ئىلگىرىلىدى - دە ، ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئايىغىدىن ئۆزگە ھېچقانداق ئاياغ ئىزى چۈشمىگەن ئىككى گەزلىك گىلەمگە ئاچكۆزلۈك بىلەن تەلمۈرۈپ قارىدى . « مەندىن كۆرەمتى » دېدى ئىچىدە ، « يامىنى كەلسە مەزىنگە ... » ئۇ گىلەمنى يىغىپ تۆت پۈكلەپ قاتلىدى . گىلەم دەملاتى قاتلاشقا تازا ئەپلىشىپ بەرمىدى . شۇڭا بويىغا يۇمىلتىپ يۆگەشكە باشلىدى . ئەمدى بۇ گىلەم بالداق سوپىنىڭ قولتۇقىدا بىر ئەپچىل ياۋاشلاپ قالغان ئىدى . بالداق سوپى جامە ئىشىكىدىن بىرىنچى قەدەم ئېلىشى بىلەن تەڭ پېشىنى دەسسىۋېلىپ تاشقىرىقى پېشايۋان ئۇستىگە سېلىنغان

مىسلىغا دۈم چۈشتى - دە، گىلەم قولتۇقىدىن ئاجراپ قاتلاق بۇزۇلۇپ كەتتى. بالداق سوپى ئۆزىنى ئاران ئوڭشىۋالدى. ئۇنىڭ ئاجىز، زەئىپ يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى. بۇ قېتىم گىلەمنى تېخىمۇ ئوبدان يۆگىدى - دە، چاتىرىقىغا قىسىپ تۇرۇپ بېشىدىكى سەللىسىنى چۇۋۇپ ئوتتۇرىسىدىن باغلىدى. ئۆشنىسىگە ئارتىپ دەرۋازا تەرەپكە قەدەم تاشلىدى. ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن سەينادا كېتىۋاتقاندا پۈتىدىكى ئەسلىدە خوپ كەلمىگەن نىمكەش كالىچى « كىشوت ... كىشوت ... كىشوت » سادا تارقاتماقتا ئىدى. بالداق سوپىنىڭ « هۇجرىسى » سۇ ئىسسىتىش ئۆيىدە بولغىنى ئۈچۈن، مەزىن ئاخۇنۇم دەرۋازا تېشىدىن قۇلۇپ سېلىۋېتىپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. بۇ هال بالداق سوپىغا ئۆلگۈدەك ئەلەم قىلدى. كۆپ ئويلىنىشقا پۇرسەت يار بەرمەيتتى. « هە ... تاپتىم ...، تامدىن ئارتىلدۇرۇپ ئەپلىمەمدىم، ئاستا كېلىپ يېتىۋالسام ئاچقۇچ ئۇنىڭدا تۇرسا، ‹ جايناماز يوق › دېگۈچىلەرگە ئاچقۇچ ئۆزى جاۋاب بەرمەمدۇ ؟ ! » دېگەنلەرنى دىلىدىن ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇ قاشا تامنى كۆزلەپ ئىلگىرىلىدى. بالداق سوپى تام بىلەن تەڭ كېلەلمەسلىكىنى پەم ئەتتى - دە، گىلەمنى تامدىن هالقىتىپ تاشلىۋەتمەكچى بولۇپ كۈچەپ باقتى. ئۇ ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى تام ئالدىدا ئاجىز ۋە پاكار كەلدى. بوينىڭ ئېگىز بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ياراتقۇچىغا ئاچچىقلاپ ئىچىدە غۇدۇرىۋالدى - دە، گىلەمنى تامغا يۆلەپ، باغلاق ئۇستىگە پۇت قويۇپ ئاران تەستە تام ئۇستىگە چىقىۋالدى. سەللىسىنىڭ بىر ئۇچى قولىدا ئىدى. ئۇ تامغا مىنىۋېلىپ ئەتراپنى يەنە بىر قېتىم كۆزەتتى. ئەل - جامائەت شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ماجالسىز ئەگرى پاقالچاقلىرى دىرىلداپ تىترەيتتى. شۇنداق

بولسىمۇ غەيرەت قىلىپ كۆچەپ تارتىپ بېقىۋېدى ، گىلەم سەل مىدىرلىدى ـ يۇ تام ئۇستىگە چىقمىدى . ئۆرە بولۇپ تارتىۋالماقچى بولۇپ قەددىنى رۇسلىدى ـ دە ، جان ـ جەھلى بىلەن كۆچەپ بىر تارتىۋېدى ، تەڭپۇڭلۇقى يوقىلىپ « ۋايجان ! » دەپ تووۋلىغىنىچە كوچا تەرەپكە يىقىلىپ چۈشتى . شۇ كېچىدە مەشرەپتىن تارقاپ كېلىۋاتقان بىر قانچە ياش ئۇنىڭغا پۇتلاشتى . ئۇلار بالداق سوپىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغاندىلا چىراغ يورۇقىدا تونۇۋېلىشتى . خالىس يىگىتلەر دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈش خۇلاسىسىنى ئاڭلاپ ، چۆچۈگەن هالدا بالداق سوپىنىڭ ئائىلىسىگە خەۋەر بېرىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشتى .

— ئەھۋال خەتەرلىك ، — دېدى باش دوختۇر ، ھېلىلا يېتىپ كەلگەن بالداق سوپىنىڭ چوڭ ئوغلى ئەنۋەرگە قاراپ ، — بەل ئومۇرتقىسى ئاجراپ كەتكەن ، مېڭىدە ئېغىر زەخمە بار . هاياتىدىن ئۈمىد چوڭ ئەمەس . بالداق سوپى تامدەك تاتىرىپ مىدىر قىلماي ياتاتتى . قەدىناس ئايالى ئۇنىڭ پۇتۇن ئۆمرىدە قىلغان ئەسكى ئىشلىرىنى ئۇنتۇغان هالدا ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى . بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەت ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ باشلىشى بىلەن دوختۇرخانىغا كەلدى . ئۇلارمۇ نەقمەيداندىن ھەممە ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەنگەن ئىدى . راست دېگەندەك ، دوختۇرلارنىڭ ئۇنىڭغا كۆرگەن تەدبىرلىرىدىن نەتىجە چىقمىدى . ئۇنىڭ جىنازىسى جۈمە نامازغا ئۈلگۈرۈپ جامائەت ئالدىغا يېتىپ كەلدى . بۇ مۇردىنى كۆرگەن بەزىلەر :

— خېلى جەننىتى بەندە ئىكەن ، خۇدا ئۇنىڭغا ئۇلۇغ بىر كۈننى بەرگىنىنى قارىمامدىغان ، — دېيىشتى .

— شۇنداق ، — دېدى ئوتتۇرا بويلۇق بىر ياش ، — جۈمە

كۈنى ئېشەكمۇ ئۆلىدۇ . بىراق ئۇنى « ئۇلۇغ » دېيىشكە بولمابدۇ . بالداق سوپىمۇ ... ــ دېگىنىچە جامائەتتىن يىراقلاشتى .

1987 - يىل ، ئۈچتۇرپان

# سادىغاڭ كېتەي سادىقجان

سادىقجان ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ، هويلىدا چۇلدۇرلىشىپ ئېمىلەرنىدۇ ئويۇنچۇق قىلىپ ئويناۋاتقان ئىككى ئوغلى يۈگۈرۈپ ئالدىغا چىقتى . سابىر ئالتە ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي ئۈچ ياش كىچىك ئىنىسى ناسىردىن دادىسىنى قىزغىنىپ ئۇنىڭدىن بۇرۇن كېلىپ دادىسىغا ياماشتى . ناسىرمۇ بوش كەلمىدى . ئۇ پايپاسلاپ كەلگىنىچە دادىسىنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ :

— سابىيجان ئۇيدى هە ، هىم ... — دېدى ئاكىسىنى دادلاپ .

سادىقجان باللارنى بىر خىل يىلمان ئەركىلىتىپ قويۇپ ، ئاتنى هارۋىدىن چىقىرىشقا باشلىدى . باللار شۇ دەم يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىشتى - دە ، دادىسىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئانىسىغا بەس - بەستە خەۋەر قىلىشتى .

— داداڭلار كەلدىمۇ باللىرىم ؟ — دېدى هېلىلا ئېتىزلىقتىن قايتىپ كېلىپ تاماققا تۇتۇنغان رابىيەم قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ هويلا تەرەپكە مېڭىپ ، — خېلى بۇرۇنلا قايتىپ كەپسىز .

— ئادەم كۆپ ، — دېدى سادىقجان غۇدۇراپ ، — ئۇن تونۇشتۇرۇشتىن بىر تونۇش ئەلا دېگەن راست گەپ ئىكەن .

— هە ، تېخى مۇنداق دەڭ ، سىز جېنىڭىزدا پاختا

زاۋۇتىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن كىرەلەپسىز ـ ھە ؟ — دېدى رابىيەم نازلىنىپ .

— كىرمىگەن كىم قالدى دەيسەن ، — دېدى سادىقجان تەرىنى تۇرۇپىرەك ، — خوتۇن خەق دېگەن ئۇنداق گەپلەرگە ئارىلاشمايدىغان .

— شۇنى دەيمەن سادىقجان ، ئەتىدىن باشلاپ ئۈچ بالىنى بېقىپ ، تاماقلىرىنى ئېتىپ ، كىرلىرىنى يۇيۇپ ، ئۆيلىرىنى تۇتۇپلا ئولتۇراي بولامدۇ ؟ — دېدى رابىيەم تەنە ئارىلاش .

— ياق ـ ياق ، ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن ، — جىددىيلەشتى سادىقجان ،— 20 مو يەرنى قانداق قىلىدىكەنمەن ؟! رابىيەگۈل ، ئەجەب گەپ قىلدىڭىزغۇ ! ئازراق تېرىيلى دېسەم ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ باي بولىمىز دېگەن كىم ؟

— ئۇنىغۇ بىلىدىكەنسىز ، يەنە نېمە ئۈچۈن ئىككى گەپنىڭ بىرىدە « خوتۇن خەق ... » دەۋېرىسىز ؟

— بولدى ـ بولدى ! رابىيەگۈلۈم ، ئاچچىقىڭىزغا ھاي بېرىڭ ، — دېدى سادىقجان رابىيەمنىڭ ئېگىكىدىن ئەركىلىتىپ ، — سۆيۈرگە بىلەنمۇ بىرمۇنچە ئەدەبلىشۋالدىڭىز ، مەزلۇم خەق دېگەن ئەركىشنى ئۇرمايدىغان .

— قانچە ئۇرسام دەردىم چىقمايدۇ ، — دېدى رابىيەم قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ ،مىيىقىدا كۈلۈپ ئۆيگە مېڭىپ . سادىقجان ھارۋىنى ئۆز جايىغا ئېتتىرىپ قويۇپ ، ئاتنى باغلىۋەتتى ـ دە ، ئۆيگە كىرىپ پۇت ـ قولىنى ئۇزۇن سۇندى .

سادىقجان 35 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئېگىز بوي ، بۇغداي ئۆڭ ، قارىقاش ، قاڭشارلىق ، گەۋدىلىك يىگىت بولۇپ ، خۇش پېئىل ، چاقچاقچى ، لېكىن سەل شەيتانراق ئىدى . رابىيەم 33

ياشىنىڭ قارىسىنى ئالغان ئاق سىرىق ، قوي كۆزلىرىدىن ئۆت چاقناپ تۇرىدىغان ، قاڭشارلىق ، تېتىك جۇۋان ئىدى . سادىقجان بىلەن رابىيەم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي توي قىلغان ئىدى . ئۇلار بىر بالىلىق بولغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىدىن ئۆي ئايرىپ چىقتى . ھەر ئىككى تەرەپ ئاتا - ئانىلارنىڭ تۈزۈك قول ئىلكىدە بولمىغاچقا ئۇلارنى ئەپلەپ - سەپلەپ بۆلەك قىلىپ قويدى . سادىقجان بىلەن رابىيەم ئىشنى ئىككى جۈپ بىلەككە تايىنىشتىن باشلاپ ، دەسلەپ مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىلگەن يەردىن ئۈن مو ئالدى - دە ، ئۆزگىچە ئىش تۇتتى . ئەمما سادىقجان بىلەن رابىيەمنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدا دېگۈدەك بىرلىكى يوق ئىدى . رابىيەم ھەدېگەندە ئىلمىي تېرىقچىلىقتىن گەپ ئۇراتتى . بۇنىڭ ئەكسىچە سادىقجان ئەتراپىدىكى بەزى دېھقانلارغا ئوخشاش « چېچىپ تېرىش » ، « كىم نېمە تېرىشنى ئىختىيار قىلسا شۇنى تېرىش » ، « يەرلىك ئوغۇتقا تايىنىش ... » قاتارلىق كونا ئۇسۇلغا ئېسىلىۋالغان ئىدى ، ھە دېسە ئىقتىسادىي ئاجىزلىقتىن گەپ ئۇراتتى . ئەمما رابىيەم بۇنىڭغا ھەرگىز قايىل ئەمەس ئىدى . ئايرىم پۇرسەتپەرەسلەر ئۇلارنى مازاق قىلىپ ، « بۇلار يېزا ئىگىلىك ئالىمى بولماقچى ... » دېيىشسە ، بۇ مەھەللىدىكى مامۇت داقىغا ئوخشاش پوچىلار : « چۆجىنى كۈزدە سانايمىز ، 30 يىل كوپىراتسىيىدە شۇ ئۇسۇلدا يەر تېرىپ چاپىنىمىز تىزىمىزدىن ئاشمىدى ، مانا ئەمدى يەر قولىمىزغا ئۆتتى قانداق تېرىش ، نېمە تېرىش ئىختىيارىمىز! ...» دەپ باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇپ يۈرەتتى . رابىيەم ھەر خىل پىتنە - پاسات ۋە تەنىلەرگە پىسەنت قىلماي ، ئېنىق نىشان بەلگىلەپ سادىقجاننىمۇ قايىل قىلىپ ، ئون مو يەرنى سالالاشتۇرۇپ بۇغداي

تېرىدى . سادىقجان ئىلمىي قائىدىلەردىن چىقماي باش چۆكۈرۈپ ئىش قىلىۋاتقان بولسىمۇ ، يەنىلا كۆزى قورقۇۋاتاتتى . ئۇ يازلىق يىغىمدا ، مامۇت داقىغا ئوخشاش قۇسۇرچىلارنىڭ ئالدىدا سۆز - چۆچەككە قېلىشتىن ئەنسىرەپ پات - پات : « ھەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ! شۇ پوچى داقىنىڭ ئالدىدا تىلىمىزنى قىسمىغايسەن » دەپ تۇراتتى . ئاخىر چۈجىنى سانايدىغان مەزگىلمۇ يېتىپ كەلدى . سادىقجان بىلەن رابىيەم بۇغدايدىن ئوبدانلا ھوسۇل ئالدى . « ئۇھ » دەپ ھۇزۇرلۇق تىنىدى سادىقجان خۇش قىلغان خامانىغا قاراپ . مەھەللە ئاقساقاللىرى ، كەنت كادىرلىرىمۇ ئۇلارنى راسا ماختىدى . مامۇت داقىلار بولسا ئاغزىغا تاڭگازا چىشلەپ قالدى . سادىقجان بىلەن رابىيەمنىڭ دادىلىرى « خۇداغا شۈكۈر ، ‹ بالا دېھقان ، چالا دېھقان › بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن ئىدۇق ، يېڭى ئۇسۇلدا يەر تېرىشمۇ بولىدىكەن ، ئوقۇغان بالىلارنى بوش چاغلىمىساق بولغۇدەك ... » دېيىشتى .

سادىقجان بىلەن رابىيەم ئۇن مو يەرنى ئوبدان باشقۇرۇپ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش بىلەنلا قالماي يەنە كەنتنىڭ بەش مولۇق بېغىنىمۇ ھۆددىگە ئېلىپ ، باغ ئىچىنى سورتلۇق ئالما ۋە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرگە توشقۇزۇپ ، بەش - ئالتە يىلدىلا پۇتۇن يېزا دائىرىسىدە داڭ چىقاردى . بۇ ئارىلىقتا ئۇلار ئات ھارۋىسى ، موتسىكلىت ، تېلېۋىزور ، كىچىك تىپتىكى ئۇن تارتىش ماشىنىسى ، بىر يۈرۈش دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ ، توققۇزى تەل ئائىلىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى .

ئەپسۇسكى ، ئاشۇ ئوبدان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، « ئارىسىغا قىل سىغمايدىغان » بۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئارىسىغا ئار - نومۇسنى بىلمەيدىغان ئادەمىي ئالۋاستىلار شېرىن ناز -

كەرەشمىلىرى بىلەن سىپىل سوقتى . ئۇلار ئەتىگەن - ئاخشاملىرى سادىقجان ئېتىز - ئېرىقتىن يانغاندا ، دەرەخزارلىقلار ئارىسىدىن ئۆتىدىغان يولنىڭ ئىشق داڭگاللىرىنى تاشلاشتى . سادىقجانمۇ تۈيۈپ - تۇيمايلا ئۇلارنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالدى . ئۇ بارا - بارا ئېتىز - ئېرىق ۋە ئۆي ئىشلىرى ، ھەتتا باللىرى بىلەن كارى بولمايدىغان ؛ ئەتىگەندىن كەچكىچە تالادىن كىرمەيدىغان ، ئىچىملىك ، كەيپ - ساپاغا بېرىلىدىغان ، پۇل - پۇچەكلەرنىڭ سانىنى رابىيەمدىن يوشۇرىدىغان ، يوقىلاڭ ئىشلارنى دەپ باللارنى سىلكىيدىغان بولۇۋالدى .

بۇ غەلىتىلىكتىن رابىيەمۇ خەۋەر تاپقان ئىدى . كۆلكىلىكى ، سادىقجاندىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى دەل سادىقجاننى ئازدۇرۇپ ، رابىيەم بىلەن « تالىشش جېڭى » ئېلىپ بارغان بايىقى « ئالۋاستى » لار رابىيەمگە يەتكۈزگەن ئىدى . ھېلىمۇ ياخشى ، رابىيەم بۇ « كۇسۇر - كۇسۇر » لارغا پەرۋا قىلماي يۈرەتتى . رابىيەم سادىقجاننى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەچكە ، دۈشمەننىڭ راست - يالغان گەپلىرى بىلەنلا ئۆز ئەقىدىسىنى نابۇت قىلىشنى خالىمايتتى . شۇنداقتىمۇ ئايرىم چاغلاردا « زادى قانداقتۇ ؟ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولۇپ كېتەر ؟ » دېگەنگە ئوخشاش چىگىش خىياللار دەستىدىن پۇشقۇنۇپمۇ قالاتتى - يۇ ، لېكىن ھەممىنى ئىچىگە يۇتۇشقا تىرىشاتتى . بىراق يەنە بەزىدە ، كۆندەشلىك ئوتىدا پۇچۇلىنىپمۇ قالاتتى . بۇنداق چاغلاردا ئۆزىنى ئائىلە ۋە ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا زورلاپ سەل ئۇنتۇپ كېتەتتى . ھېچ بولمىغاندا ، رابىيەم سادىقجانغا ئاچىيىپ - غارايىپ چۆچەك سۆزلەپ بېرىش ، ئەجدادلارنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش ، گاھىدا كىنايە قىلىش ئارقىلىق بىشارەت بېرەتتى .

بىراق ، « بېشىڭ باش بولسا ، پاقالچىقىڭ تاش » دېگەن يولغا كىرىۋالغان ، ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى ئالۋاستىلار بەزىنسىدە يۈرۈپ قاقباشلىشىپ كەتكەن سادىقجان ھېچ بىر پەرۋا قىلماي ، « يېڭى » يولنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى . رابىيەم يەنىلا سەۋر قىلىپ ، سادىقجاننىڭ ھوشنى تېپىۋېلىشىنى ئۈلۈغ خۇدادىن تىلەيتتى .

بۇ گۈنمۇ رابىيەم قازان - قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ بولغۇچە باللار تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇشقىنىچە ئۇخلاپ قېلىشقان ئىدى . سادىقجان ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ بىر تۇتام پۇلنى ھەدەپ ساناۋاتاتتى . شۇ ئەسنادا ئۇ :

— رابىيەم ، پۇل سانىشىپ بېرەمسەن ؟ — دېدى پۇلدىن كۆزىنى ئۈزمەي ساناشنى داۋاملاشتۇرۇپ .

— مەن قولۇمغا ئۆتكەنگە ئىگە ، قانچە پۇل بولۇپتۇ ؟ قانچە كىلو كەلدى ؟ — يېپىنشلاپ سورىدى رابىيەم كۆڭلىدە ئالدىن ھېساب قىلىۋالغان بولغاچقا ئاتايىن .

— 700 كىلو كەلدى . 500 كىلوسى بىرىنچى دەرىجە ، قالغىنى ئىككىنچى دەرىجە .

— پۇلى قانچە بولۇپتۇ ؟

— خېلى كۆپ ، مانا ساناپ تۈگىتەلمەيۋاتىمەن .

— ھەر ھالدا ياخشى ، — دېدى رابىيەم چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، — ئۆتكەن ھەپتىدىكى پاختا 840 كىلو كېلىپ ھەنىنىۋاسى بىرىنچىگە ياراپ ، پۇلى 2100 قانچە يۈەن بولغان ، بۈگۈنكىسى ئارتۇق بولسا ئارتۇقكى ، ھەرگىز كەم ئەمەس ، تېخى بايىلا ئاساسى قىسمىنى بىرىنچىگە ئۆتكۈزگەن ئىدىڭىزغۇ ؟ پاختا زاۋۇتىنىڭ ئارقا ئىشىكىدە ئېزىتقۇغا ئۇچراپ قالمىغانسىز - ھە ؟

— باياتىن شۇنداقلا بىر دەپ قويدۇم، غەلىتىلا گەپ قىلىسەنغۇ رابىيەم! پاختا زاۋۇتىدا ئۇنداق ئىشلار يوق. ئىشەنمىسەڭ لاپقوت قىلغان ھارۋىكەشلەردىن سوراپ باق، بولامدۇ؟ — دېدى سادىقجان بوشقىنا.

— بولىدۇ سادىقجان، سوراپمۇ باقارمەن، — دېدى رابىيەم ئورنىدىن قوپۇپ تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى پەسلىتىۋېتىپ سادىقجاننىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ، — ھېچ بولمىغاندا 2000 بولغاندۇ؟

— ھە، ھىم، ھەر ھالدا يېقىنلىشىدۇ، — دېدى سادىقجان دۇدۇقلاپ. نېمىلا دېگەنبىلەن سادىقجان گەپتە چاندۇرۇپقويغاچقا ئامالسىز 2000يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى رابىيەمگەتاپشۇردى -دە، خىجىللىقنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە، — ئەگەر، مۇنداق قاتتىق قول بولساڭ، مالىيە ۋەزىرلىكىدىن ئېلىپ تاشلايمەن، — دېدى - يۇ، رابىيەمنى ئۆزىگە قايرىپ پۇراشقا باشلىدى. رابىيەمۇ ئۆزىنى بىرەر مىنۇتچە ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاشلىدى - دە، دەرھال:

— مالىيە ۋەزىرى كەم بولىمش؟ — سورىدى رابىيەم يېقىملىق ئەركىلەپ، ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرغىنىچە. شۇ ئەسنادا سادىقجان تومۇز ئاپتىپىدا قالغان مومدەك ئېرىپ رابىيەمگە مەھكەم چاپلاشتى. مۇنداق پۇرسەتنى كەلتۈرەلمەي يۈرگەن رابىيەم، ئۇزاقتىن بېرى تۇتۇق بەرمەي يۈرگەن سادىقجاننى دەل بۈگۈن ئاخشام تىرىك تۇتۇش مەقسىتىدە ئۆزگىچە ناز بىلەن گىرە سېلىپ، مامۇقتەك يۇمشاق مەمىزىنى ئۇنىڭ تىكەندەك يىرىك ساقال - بۇرۇتلىرىغا دارىتىپ چىقتى ۋە:

— سادىقىم، بۈگۈن ئاجايىپ خۇش خۇي تۇرىسەنغۇ؟ ئىچىۋالمىغانسەن؟ بىرسى چەكتۈرۈپ قويدىمۇ - يا؟ — دەپ سورىدى.

— ياق رابىيەگۈل، ئىچسەم ھېدى بولمامدۇ؟ مەن چەكمەيمەن ئەمەسمۇ!

— پۇلنىڭ ھەممىنى ماڭا بېرىۋەتتىڭمۇ؟

— بەرمەي نېمە بولۇپتۇ؟

— شۇنى دەيمەن، ئۆزۈڭگە ئازراقمۇ ئېلىپ قالمىدىڭمۇ؟

— يا، ياق. لازىم بولسا سەندىن ئېلىپ ئىشلىتەرمەن.

— مەن چاغلاپ بېرىمەن. يەتكۈزەلمەي قالارسەنمىكىن!

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، غەلىتە گەپلەرنى قىلىۋاتىسىنا رابىيەم، غەرىزىڭنى چۈشەنمىدىم، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان گەپلەرنى دېمىسەڭچۇ؟ — دېدى سادىقجان گاچىلىشىپ.

— مەن سېنىڭ ئەمرىڭگە ئۆتكەن 14 يىل ئىچىدە تولۇن ئايدەك بىر قىز، بىر - بىرىدىن ئوماق، قاپلاندەك ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بەردىم، — دېدى رابىيەم سادىقجانغا تېخىمۇ قاتتىق گىرە سېلىپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى پۇراپ، — ئائىلىمىزگە سىڭدۈرگەن ئەجرىم ساڭا بەش قولدەك ئايان، بۇ جەرياندا سېنىڭ دىلىڭنى چىگىدىغان بىرەر ئىش قىلىپ قويمىدىمغۇ دەيمەن؟ قېنى جېنىم سادىقىم، بىر دەپ باقە!

— ياق، ياق جېنىم رابىيەگۈلۈم، ھەرگىز ئۇنداق قىلمىدىڭ، ئۇ جەھەتتە سەندىن تولىمۇ رازىمەن، — دەپ باشقىچە پەپىلەشكە باشلىدى سادىقجان ئامراقلىقى تۇتقاندا ئىشلىتىدىغان «رابىيەگۈلۈم» دېگەن ئەتىۋارلىق سۆزى بىلەن ئۆزىنى تۇتالماي. سادىقجان شۇ تاپتا مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بېرى قولىغا كىرگەن 4000 قانچە يۈز يۈەنىنىڭ كۈچى بىلەن رابىيەمگە يېڭىباشتىن مۇھەببەت ئىزھارلاپ، ئۇنىڭ گۇمانلىرىنى تۈزىتىپ خاتىرجەم قىلىۋېتىپ، پۇرسەت بولسىلا شاياتۇنلار بەزمىسىدە بولۇۋېرىشنى كۆڭلىگە

پۈككەن بولسا؛ رابىيەم بۇنىڭ تەتۈرىسىچە، سادىقجاننى مۇشۇ پۇرسەتتە تىرىك تۇتۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇد ھەم قەلبىنى ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببەت قەسرىگە قايتۇرۇپ كېلىش نىيىتىدە ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ مۇشۇ دەقىقىنى پۇرسەت دەپ بىلىپ سۆز ئاچتى:

— مەن ئەمدى ئۇخلايمەن، ئەتە يەنە قوشنىلارنىڭ ھەممىسى كېۋەز يىغىشىپ بەرگىلى چىقماقچى، سەنمۇ چارچىدىڭ... ئورنىڭنى سېلىپ بېرەي، ئۇخلىغىن. 15 مو يەرنىڭ كېۋىزى ئاز ئەمەسكەن، مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە يىغىۋالمىسام، شەبنەم چۈشكەندە پاختىنىڭ سۈپىتى بۇزۇلۇپ، دەرىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇنداققۇ دەيمەن؟

— كاللاڭ ئىشلەيدۇ جۇمۇ رابىيەگۈلۈم، لېكىن بۈگۈن مەن سېنى ئۇخلاتمايمەن، ھى، ھى، ھى، — ھىجايدى سادىقجان.

— ياق، مەن ئۇخلايمەن، — دېدى رابىيەم گەپ ئەگىتىپ، — 15 مو كېۋەزنىڭ مو بېشى كىرىمىنى 500 يۈەندىن توغرا كەلتۈرۈش توختامنامىسىغا مەن قول قويغان، سەھەر قوپۇش كېرەك سادىقىم، بۈگۈن سەۋر قىلارسەن، ھە؟

— ياق دېدىم، ياق، — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ رابىيەم تەرەپكە سىلجىپ، ئۇنى يېنىككىنە كۆتۈرۈپ ئالدى سادىق بىرئاز يېلىنىپ.

— دېگىنىڭچە بولسۇن سادىقجېنىم، — دېدى رابىيەم تېخىمۇ خۇلق چىقىرىپ، — بىر شەرتىم بار، ماقۇل دەمسەن؟

— ئىككىمىز توي قىلىدىغان چاغدىمۇ شەرت قويمىغان ئىدىڭ، ئۇ چاغدا كەمبەغەل دەپ ئىچ ئاغرىتىپتىكەنسەن - دە! ئەمدى ھەر قانداق شەرتىڭ بولسا ئورۇندايمەن. جېنىم، قېنى نېمە

شەرت ؟ ــ دېدى سادىقجان خاتىرجەملىك بىلەن .
ــ راست ئۇنامسەن ؟
ــ يولۋاس ئىزىدىن ، يىگىت سۆزىدىن يانمايدۇ ، ھەرگىز ...
ــ گېپىڭدىن يېنىۋالساڭچۇ ؟
ــ ئەر بولماي كېتەي ، ئەمدىغۇ بولغاندۇ ؟
ــ « ئەر بولماي كېتەي » دەپمۇ گەپ بولامدۇ ؟
ــ ئۇنداق بولسا سەن ئەر ، مەن ئايال بولۇپ كېتەي ، نېمە كەتسە ...
ــ زىيان تارتمايسەن ، ھەر ئىككىمىزدىن چىقىم يوق .
ــ قۇلىقىم سەندە ، تېزراق بولغىن ...
ــ مېنى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرەمسەن ؟
ــ جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن .
ــ باللارنىچۇ ؟
ــ كۆز قارىچۇقلىرىم دەپ بىلىمەن .
ــ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ .
ــ نېمە سەۋەبتىن ؟ ئايال كىشى ئەركىشىگە چوقۇم ئىشىنىشى كېرەك . چۈنكى ، « ئەركىشى خوتۇن خەقنىڭ يېرىم خۇداسى » دېگەن گەپ بار .
ــ ۋاي قوۋۇرغام ! ئىېگىلىپ سۇناي دەپلا قالدى! ھا ـ ھا ـ ھا ... ــ ئاچچىق كۈلدى رابىيەم ، ــ ھە سادىقىم ، مۇنداق پەتىۋانى نەدىن تاپتىڭ ؟ بىلىپ قويغىنكى ، ئۇلۇغ تەڭرىمىز ھېچ بەندىسىگە پۈتۈن ياكى يېرىم خۇدالىق ئاتا قىلمىغان .
ــ بولدى ـ بولدى ! بوشراق مازاق قىل رابىيەگۈل ، ھە ؟

— بولىدۇ سادىقىم، توقام قارنىڭغا چۈشەي دەمدۇ، نېمە ؟
— ھە، ياق - ياق !
— 14 يىلدىن بېرى مەندىن رەنجىمىدىڭ، شۈنداقمۇ ؟
— ئەلۋەتتە شۈنداق !
— نېمە ئۈچۈن مەندىن ئاشۈنداق سوراپمۇ قويمايسەن ؟
— مەنمۇ سېنى رەنجىتمىدىمغۇ دەيمەن ؟
— تووۋا قىلدىم خۇدا ! ... راست شۈنداق ئويلامسەن ؟
— ناۋادا مەندىن رەنجىگەن يېرىڭ بولسا دەپ باققىن، پاكىت سۆزلە، — دېدى سادىقجان رابىيەمنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ .
— سادىغاڭ كېتەي سادىقجان، پاكىت ئۆزۈڭدە، — دېدى رابىيەم سادىقجاننى سەل سەگىنتمەكچى بولۇپ .
— قانداقچە مەندە بولىدۇ ؟ — دېدى سادىقجان قاپقانغا چۈشۈپ قالغىنىنى چالا - پۇلا سېزىپ .
— مېنىڭ كۆڭلۈم دەرياغا ئوخشاش كەڭ، شۇڭا مەن ساڭا ھەرۋاقىت، ھەر جايدا غەمگۇزار بولۇشقا رازى، بۇنىڭغا ئىشىنىدىغانسەن ؟
— مىڭ مەرتىۋە ئىشىنىمەن . سەن دېگەن قىيامەتلىك ھالال جۈپتۈم . مېنى بۇنچە تەشنا قىلماي، شەرتىڭنى دېگىن، تۈن تەڭ بولاي دېدى .
— تاڭمۇ يورۇيدۇ، ئالدىراپ كەتمە، يەنە بىر سوراپ باقاي، مەن راستىنلا قىيامەتلىك ھالال جۈپتىڭمۇ ؟
— شۈنداق بولمايچۇ، ئىككىمىزنىڭ نىكاھىنى قىلغان موللام : « ئىككىڭلار ھالال جۈپلەردىن بولۇپ ئۆتۈڭلار ... » دېگەن ئىدىغۇ ؟ — دەپ رابىيەمنىڭ چېكىسىنى سىلاپ تۇرۇپ بىرنى

سۆيۈۋالدى سادىقجان.

— ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ھالال ئىشىمىزغا ھارام ئارىلىشىدۇ؟ — سورىدى رابىيەم يەنە نازلىنىپ.

— قايسى ھارام ئارىلىشىپتۇ؟ نېمانداق غەلىتە گەپلەرنى قىلىدىغانسەن، — دېدى سادىقجان ھېچ نەرسە ئۇقمىغان بولۇپ.

— شەرتىم ئاددىي، — دەپ باشقىچە جانلاندى رابىيەم سادىقجاننىڭ سەل ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، — بۈگۈن كېچە ھەر ئىككىمىز ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇچە «تۇرمۇش تەكشۈرۈش ئىقرارنامىسى» يازىمىز، شۇنىڭدىن كېيىن مەن سېنى كەچۈرىمەن، يول بېرىمەن.

— ھېچ چۈشىنەلمەيۋاتىمەنغۇ؟

— چۈشەندۈرۈپ قوياي سادىقىم، — دەپ ھەسرەتلىك تىندى رابىيەم ئورنىدىن تۇرۇپ، — سەن بۈرۈن ئىسمى - جىسمىڭغا لايىق يىگىتتىم ئىدىڭ، بىراق مۇشۇ ئۈچ - تۆت يىلدىن بېرى ئۆزگىرىپ كەتتىڭ، ئالۋاستىلار سېنى مەندىن تارتىۋالدى، مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلىدىڭ. بۇنى ئاز دەپ ئاتا - ئانىلارنى، ئەل - يۇرتنى نەزەرگە ئالمىدىڭلار، غۇبارسىز باللار كۆزۈڭگە كۆرۈنمىدى، مېنى كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ، ئالۋاستىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ سايىقلاشتىڭ. مەن سېنى، ئەل - يۇرت ئىچىدىكى ئابرويىڭنى دەپ، ئەلەمنى ئىچىمگە يۇتۇپ بۈگۈنگە كەلدىم... ئېيتسام گەپ تولا، قېنى دەپ باقە: ئىش شۇنچىلىك چاغدا ئائىلىگە قايتىپ كېلىشنى خالامسەن؟

«ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» بولغاچقا، سادىقجاننىڭ بايىقى شېرىن ھەۋەسلىرى توزغاقتەك توزۇپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي

گاڭگىراپ تۇراتتى .

ــ يەنىلا مەن يول ئېچىپ بېرەي سادىقىم ، ــ دېدى رابىيەم ئارىدىكى جىمجىتلىقىقا خاتىمە بەرمەك بولۇپ ، ــ سېنى مەندىن بەزدۇرۇپ ، ئىناق ئائىلىمىزگە كۆز ئالايتىۋاتقان ئالۋاستىلار زادى كىم ؟

ــ جىد ... جىېنىم رابىيەگۈل ، ئىشەنمە ، ھەممىسى قۇرۇق گەپ . مە ... مەن ھەرگىز ... ــ تىل چايندى سادىقجان .

ــ سېنىڭ تىلىڭ كۆيسە ، مەن دەپ بېرەيمۇ ؟

ــ يا ... ياق ، مە ، ھە ، مەن ئۆزۈم ...

ــ خوش ، قۇلىقىم سەندە .

ــ رابىيە ، مەن - مەن تىوۋا قىلدىم ، ھەممىنى قىلغان ھاراق ، مەن شۇ « ئىشەكنىڭ سۈيدۈكى » نى ئىچمىگەن بولسام ، ئۇنداق بولمايتتى ، مەن ئازدىم ، خىجىلچىلىقتا ئۆلەي دېدىم ...

رابىيەم سادىقجانغا تىخىمۇ يېقىن كېلىپ ، سوراشنى داۋام قىلدى :

ــ مەن بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ ، ئۈچ بالىغا ئاتا بولۇش جەريانىدا قانچە ئالۋاستىغا يولۇقتۇڭ ؟

ــ جېنىم رابىيەم ، شۇنى سورىماي قويغىن ، ئەمدى ...

ــ قارىغاندا ئالدىڭغا بىر « قاپاق » تىكلىسەم دەپ بېرىدىغان ئوخشىمامسەن ؟

ــ ياق ، ئۇنى ھەرگىز ئىچمەيمەن ، ھازىرلا ئېلىپ چىقىپ تاشلىۋېتەي .

ــ سېنىڭ ، مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە 4000 يۈەندىن ئارتۇق پۇلغا پاختا ساتقىنىڭنى ھېلىقى ئالۋاستىلار ئاللىقاچان بىلىپ بولدى ، ئۇلار ۋىجدانىنى ھاراققا تېگىشىدىغان يۇمشاقباش ئەرلىرىنى

ساڭا ئەلچىلىككە ئەۋەتىشىدۇ. ئىشكاپتىكىنى تاشلىۋەتسەك ئۇلارغا نېمە قويۇپ بېرىسەن؟

— ئەمدى ئۇلارنى يولاتمايمەن.

— ئۆيۈڭگە كەلسە، «كەت!» دېيەلمەيسەن. «پەرىزات» لىرىڭنىڭ يۈز - خاتىرىسى بىسىپ چۈشەر ھەقىچان...

— ...

— ئۆيدىكى ھاراقنى ھازىر تاشلىۋەتكىنىڭ بىلەن يەنە ئىلىشقا پۇل كېتىدۇ، — دېدى رابىيەم ئاچچىق - ئاچچىق كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن، — ھاراقنى ئىلىۋەرسەك، ئوغرىلىقچە ساقلاۋاتقان پۇلۇڭ ھېلىقى بۇيرۇتمىلارغا يەتمەيدۇ. چۈنكى، «پەرىزات» لارنىڭ بەزىسى سارجا، دۇخاۋا؛ بەزىسى سوكنا، مودا بەتنىكە كىيمەكچى. بانكىدىكىسى ساناقلىق. سەندەك بىر قاۋۇل، بېجىرىم ئەرنىڭ ئاشۇنداق بىر قانچە سېسىق شەرمەندىنىڭ ئالدىدا لەت بولۇپ قىلىشى ئۇيات ئەمەسمۇ!؟

— ...

— قېنى سەنمۇ دەۋەتكىن، مەنمۇ دەپ بېرىمەن، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەن گەپ بار سادىقىم. گەپ قىل!

بىر سائەتتىن بېرى ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن سادىقجان رابىيەمنىڭ «مەنمۇ دەپ بېرىمەن» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ سەل سەگىدىگەندەك بولدى - دە، خۇدىنى يىغدى.

تۈن نىسپى بولغان ئىدى. يېزا بازىرىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى ئۇلۇغ سۇلۇق دەريا بويىغا جايلاشقان بۇ گۈزەل بوستانلىق جىمجىتلىققا ئەسىر بولغان ئىدى. پەقەت سادىقجاننىڭ ئائىلىسى يېرىم ئويغاق ئىدى، بالىلار شىرىن ئۇيقۇدا. كەچكۈزنىڭ سوغۇقىدىن قېچىپ ئۆيگە كىرىپ ئالغان بىزەك چىۋىنلەر چىراغ

ئەتراپىدا غۇژۇلدىشىپ تىنىم تاپمايتتى . بىر مەھەللىك سۇكۇناتتىن كېيىن سادىقجان تىترەك ئاربلاش بىر خىل تەلەپپۇزدا ئىغىرزىيچىپ:

— ئۇنداق بولسا ئاۋۋال سەن دەپ باق ، — دېدى .

— « ئاغزىمدىن چىقتى ، ياقامغا ياماشتى » بولمسۇن يىگىت ، باشتىن كەلسۇن ، — دېدى رابىيەم جەزبسى بىلەن ، — ئىقرارىمىز تۇگىگەندە ، ئەتىلا بىر لېگەن ئاش قىلىپ ، ئاخۇنۇمنى چاقىرىپ ، نىكاھ ئوقۇتۇپ ، سېنى « ئەمرىم » گە باشقىدىن ئالىمەن .

— خوش ! بۇ نۆۋەت ئالمىشىش بولىدىكەن - دە ! ھ - ھ - ھ ...

— خوش ، قېنى ، قۇلىقىم يەنىلا سەندە ، كىم - كىملەر ئۇ ؟

— دەسلەپكىسى ھېلىقى شەرۋانەك ، ئۇنى سەن تونۇيسەن .

— ھە ، ئۇ خېلى يامان ئەمەس ، ئۇنى ئېرىغ ئېتى بىلەن ئاتاپ شەرۋانگۇل دەۋېرىڭلار

— خوش ، يەنە ؟

— يەنە بايىقى بەشەك ، ئۇنى ... ؟

— ئۇنىمۇ تونۇيمەن ، بىراق ، ئۇ دورداي كالپۇك قوقلاق تولىمۇ ئەسكى نەرسە ، ئۇنى تاشلىۋەت . ئەركەك دېگەن ئۇنداق پەس كۆڭۈل بولمايدىغان ، كۆزدە - كۆڭۈلدە شۇنى ... ؟

— ...

— نېمە بولدى ؟ — سورىدى رابىيەم سەزگۈرلۈك بىلەن ، — شۇ مەينەتنى دەپ كالتەك يېگەنلىرىڭ ئېسىڭگە كېلىۋاتامدۇ ؟

— ئۇ ئىشنى سەن نەدىن بىلىسەن ؟ — دېدى سادىقجان

چۆچۈپ .

— « ئۆردەك گۆشى يېسەڭ غازنىڭ پېيىدە بول » دېگەننى بىلەمسەن ؟ كەڭ - كۇشادە قويۇۋەتسەم - زە ، بۇ كالۋا خوتۇن ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ ، ئۆيدىكى تۆت بۇلۇڭ ، بىر كۇلۇڭدىن ئۆزگە نەرسىنى كۆرمەيدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ ؟ — دېدى رابىيەم بەكرەك تەكىتلەپ .

— ھەي ... ، — دېدى سادىقجان ھەلەپكە تويۇپ كەتكەن بۇقىدەك پۇشۇلداپ .

— ھە ، ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك كۇشۇلداۋەرمەي ، گەپ قىل ، يەنە كىم ؟

— يەنە ، ھە ... سۆگەتياردىكى مەخپىرەك كۆك كۆز ، ھىم ، يەنە بىرى ...

— ھە مۇنداق ، — دە ! مەخپىرەم خېلى سەتەڭ نىمە . ئۇ بولىدۇ ھە ... مۇنداق بىر غەزەلمۇ بار ئەمەسمۇ !

« قىزىلگۈلدە پۇراق بار ،
شاخىدا يوپۇرماق بار .
سۆيسەڭ ياخشىنى سۆيگىن ،
ئاخىرەتتە سوراق بار » .

سەن بۇ ناخشىنى ئوقۇپ يۈرگىلى بىر قانچە يىل بولسىمۇ ، ئۇنى تۈزۈك چۈشەنمەپسەن .

— ئەمدى تۇ - تۇگىدى ، — دېيەلىدى سادىقجان مىڭ تەستە .

— سادىقىم ، — دېدى رابىيەم سادىقجاننىڭ كۆزىگە تىكىلىپ ، — « مەن كۆرمىگەن كۆتۈك بارمىدى سىڭايان تاتۇق »

دەپتىكەن . « ئەمدى تۇگىدى » دېگىنىڭ يالغان ، سەن ئۇلاردىن ئاللىقاچان زېرىكىپ تاشلىغان . « ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا » دېگەن نەقىلمۇ بىكار ئەمەس ، ئەمدى ھازىرقىلىرىنى دەپ بەر ، بەرىبىر سىرىڭ ئاشكارىلاندى . « چۆپنى يېگەنمۇ ئوغرى ، سۇيىنى ئىچكەنمۇ ئوغرى » .

سادىقجاننىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى . ئۇ ئەمدى رابىيەم تاشلىغان توردىن بۇلجۇپ چىققالمايدىغانلىقىنى پەم ئەتتى - دە ، يەنە تۆت « ئالۋاستى » نى ئىقرار قىلدى . رابىيەمنىڭ بىلىدىغانلىرىمۇ شۇلار ئىدى .

— ئۇھ . — دېدى سادىقجان خۇددى شىللىسىدىن تاغنى غۇلىتىۋەتكەندەك ، چېكىلىرىدىن تەپچىرىگەن تەر تامچىلىرىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ .

شۇ ئەسنادا رابىيەم ئىشكاپ ئالدىغا بېرىپ « قىلىنلىق دورىسى » نىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا ئۇلگۇردى - دە ، ئۇنىڭدىن بىر پىيالىگە يېرىم قۇيۇپ كۈلگىنىچە :

بىيت ئېيتىپ تۇتىمەن ھاراق ،
بۇنى ئىچىپ كۈلسەن پاراق - پاراق .
..............
ئاسماندىن ھاسا چۈشتى ،
تۇگۈلۈكتىن پاشا چۈشتى .
سادىق ئاتلىق يىگىتكە ،
مېنىڭ مەيلىم راسا چۈشتى .

دەپ پىيالىنى تۇتتى .

سادىقجان پىيالىنى ئىندىمەي ئالدى - يۇ ، « غۇرت - غۇرت » ئاۋاز بىلەن بۇغدىيىكىنى ئىككى قىمىرلىتىپلا يۇتۇۋەتتى -

دە :

— چاي ! — دېدى قاتتىق سەسكىنىپ . رابىيەم دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ چاي قۇيدى ، چايمۇ ئىچىلىپ بولدى . گەرچە رابىيەم سادىقجاندىن بىرەر سادا كۈتكەن بولسىمۇ ، لېكىن سادىقجان زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرغىنىچە يەرگە پېتىپ كېتەيلا دەپ قالغان ئىدى . رابىيەممۇ ئىندىمەي ئولتۇراتتى . ئۆي ئىچىنى بىر مىنۇتچە جىمجىتلىق قاپلىدى . شۇ ئەسنادا ھاراق كۈچ كۆرسەتتىمۇ ياكى سادىقجان يىگىتلىكىگە ئالدىمۇ ، ئارىدىكى تىمتاسلىقنى خاتىمە بېرىپ سۆز ئالدى - دە :

— ھىم ، ئەمدى سەن دەپ باقە ، — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا .

— مەن ؟! — دېدى رابىيەم ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ، — مەن سەن بىلەن توي قىلغاندا قانداق ئىدىم ئېسىڭدىمۇ ؟

— بىر چىرايلىق ئوماق قىز ئىدىڭ ، — دېدى سادىقجان ھەسرەتلىك تىنىپ ، — ھەممىسى ئېسىمدە ، سەن بىر ئۇقۇمۇشلۇق ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ، مەن بولسام ساۋاتسىز ئائىلىنىڭ بالىسى ئىدىم . ناۋادا شۇ كۈنلەردە داداڭ « سېسىق توققۇزىچى » ئاتىلىپ خورلانمىغان بولسا سەن ئۆزۈڭنى ئالىي مەكتەپتە كۆرەر ئىدىڭ . ئۇ ھالدا سېنىڭ ماڭا نېسىپ بولۇشۇڭنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى . سەن مېنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئېغىرىمنى كۆتۈرۈپ ، بولۇپمۇ بىلىمسىزلىكىمنى ھار ئالماي ئادەم قاتارىغا قوشتۇڭ . لېكىن مەن ئەقىدەڭگە ھۆرمەت قىلماي سېنى خورلىدىم ، يۈرەك پارىلىرىمىزنى ئويلاپ قويمىدىم . نامەھرەمگە قارىغان كۆزۈم كور بولۇپ ، گەپ قىلغان تىلىم تۇتۇلسۇن ... شۇنچە ئىشلىرىمنى بىلىپ

تۇرۇپمۇ دەردنى ئىچىڭگە يۇتۇپ يۈرۈيسەن . رابىيەم مەن ئەسكىنى كەچۈرگىن ! ...

— بۇلار يۈرەك سۆزۈڭمۇ ياكى مېنى بەزلەشمۇ ؟ — سورىدى رابىيەم قۇچىقىغا باش قويۇپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان سادىقجاندىن .

— ھەقىقىي يۈرەك سۆزۈم ، — دېدى سادىقجان ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە قىبلىگە قاراپ ، — بۇنىڭغا ئىشەنگىن ، ناۋادا ئىشەنمىسەڭ قۇرئان تۇتۇپ بېرىشكە تەييارمەن ، نان ئۇرسۇن ! بولدىمۇ ؟

— ھاجەتسىز ، يۈرەك سۆزۈڭ بىلەن ئىرادەڭ بولسىلا كۇپايە . « قەسەمخورنىڭ يۈزىدە قېنى يوق » دېگەن گەپ ئېسىڭدە تۇرسۇن . ماڭا قەسەم ۋە قەسەمخور كېرەك ئەمەس ، — دېدى رابىيەم .

— لەۋزىمدىن يانسام ئەر بولماي كېتەي رابىيەم ، — دېدى سادىقجان تولىمۇ خىجىلچىلىق ئىچىدە .

— بولدۇ ، بولدۇ ! سادىغاڭ كېتەي سادىقجان ، ئەمەلىيەت ئەۋزەل ، گەپلىرىڭ راست بولسا ، ئەمدى مەن دەپ بېرەيمۇ ؟ — سورىدى رابىيەم كۈلۈپ تۇرۇپ .

— ياق ، ياق ... « سەن دەپباقە » دېگەن تىلىم تۇتۇلسۇن ، — دەپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ يىغلاشقا باشلىدى سادىقجان ، — سەن ئۇنداق شەقىقە جوتۇنلاردىن ئەمەس ، مەندەك شەرمەندە ئەمەس ، ئۇ يولدىكى ئالۋاستىلار ئۆز ئەرلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىمايدۇ .

— ئاۋۇ ئۇخلاۋاتقان يۈرەك پارىلىرىمىزغا قاراپ باقە ! — دېدى رابىيەم ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا .

— مەن قارا يۈز بولدۇم ، باللار ھەم سىنىڭ ئالدىڭدا يۈزۈم قارا بولدى . باللىرىم مېنى كەچۈرۈڭلار ، رابىيەم سەنمۇ كەچۈرگىن ... — يەنە بىر قېتىم ئىلتىجا قىلدى سادىقجان .

سۈبھى ئەلچىسى — جارچى خورازلار تەرەپ - تەرەپتە چىللاشقا باشلىغان ئىدى . سادىقجان يېتىپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن يېشۋەتكەن كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى .

— تېخى تولۇق تاڭ ئاتمىدى ، بىردەم كۆزۈڭنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋال ، — دېدى رابىيەم سەل تەئەججۈپلىنىپ .

— ماگا سوپۇن بىلەن لۆڭگە بەرگىن ، — دېدى سادىقجان يەردىن ئۆرە باقماي . رابىيەم سەن مېنىڭ كالىڭ ئوچاقنىڭ مورىسىدەك قارىداپ كەتكەن دىلىمنى ئاقارتىپ ، قىيامەتلىك بۇرچۇڭنى مەردانىلىق بىلەن ئادا قىلدىڭ ، ماگا ۋىجدان شەربىتى بەردىڭ . ماگا يەنە بىر قېتىم كەڭچىلىك قىلىپ مۇنچىغا بېرىپ يۇيۇنۇۋېلىش پۇرسىتى بەرگىن . مەرەزلىشىپ كەتكەن ۋۇجۇدۇمنى سۈزۈك سۇدا ئېرىتىپ ، پاكلىتىپ ، بۈگۈن ئەتىگەندە بوسۇغىدىن يۈزۈم يورۇق ئاتلاپ كىرىپ ، ساگا ۋە باللارغا ھەقىقىي ئاتىلارچە سالام بېرەي ، ئائىلەمگە قايتىپ كېلەي .

1992 - يىل 5 - ئاي

# قەبرە توپىسى

ساۋاقداشلار ئىچىدە بىر خىل جىددىيلىك كەيپىيات باش كۆتۈردى . ئايلىق ئىمتىھاندا نەتىجىسى تۆۋەن چىقىپ قالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئويۇن ـ تاماشىلارنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ ، كىتابتىن باش كۆتۈرمەيتتى . بەزى ساۋاقداشلار ھەدەپ ئالگېبرادىن يېشىپ شەرھىلىسە ، بەزىلىرى دۆلەت تىلى دەرسلىرىنى ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشاتتى . ئەنە ئاۋۇ ساۋاقداش مەكتەپ سەيناسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈكتە خۇددى نەچچە مىڭ لەشكەرگە جەڭ بۇيرۇقى ئىلان قىلىۋاتقان قوماندانغا ئوخشاش كۆكرەك كېرىپ ، سول قولىدىكى كىتابنى بېلىگە تاقىۋېلىپ ، ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئاھاڭدارلىق بىلەن « بىزنىڭ مەممەت » دېگەن شېئىرنى يادقا ئوقۇماقتا .

يائاللا ! ئەدناسى ، مۇشۇ گەپلەرنىڭ بىرەر جۈملىسى ئېسىمدە بولسىچۇ كاشكى ، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ، تاڭەي ، مېنىڭ ئىختىيارىي پائالىيەت ، مۇزاكىرە ۋاقىتلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قۇرۇق گەپ ، مەيدان چۆگىلەش ، ئېپى كەلسىلا ئۆزۈمگە ئوخشاش ھورۇن ئۆلپەتلىرىمگە ئەگىشىپ بېشىمىز قايغان ، پۇتىمىز تايغان تەرەپلەرگە كېتىۋېرىش بىلەن ئۆتمەك . توۋا دېگۈم كېلىدۇ ، مەكتەپ دېگەندە ، ئۆزىنى بىلمەيدىغان ئەسەبىي بەڭباشلار ، ماڭا ئوخشاش غايە ، شىجائەت دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىغانلارمۇ چىقىپ قالىدىكەن . مەن تېخى ئاشۇ خىلدىكى

ئۆلپەتلىرىم بىلەن پەخىرلىنەتتىم . ئاتا - ئانا ۋە ئۇستازلىرىمنىڭ مېنى ئوقۇتۇش مەقسىتىنى چۈشەنمەيتتىم . مانا ئەمدى باسقۇچلۇق ئىمتىھان پەيتى قىستاپ كەلمەكتە، مەندە يەنە شۇ قۇرۇق خىيال :
« كۆچۈرۈپ ئۆتەيمۇ ياكى يېنىمدىكى سادىق دەپ بېرەرمۇ ؟ » ،
« ھە ، راست ، دادام بەرگەن ھېلىقى پۇلنى سادىق بىلەن كاملىغا خەجلەپ بەرسەم ، شۇنىڭ يۈز - خاتىرىسى بولۇپ قالار ... » ھەي ، شۇ تاپتا بېشىمنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتتى . ئەتىسى بۇ خىيالىمنى سادىققا ئېيتتىم .
— مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن ، — دېدى سادىق دوق قىلىپ ، — مېنىمۇ ئۆزۈڭدەك سۆرىمە ، ھاماقەت قىلاي دەمسەن ؟ مېنىڭ دادام سەھرالىق بولسىمۇ ، ياخشى ئوقۇشۇمنى ، ساختىلىق ، ھىيلىگەرلىككە ئادەتلىنىپ قالماسلىقىمنى ھەمىشە ئۈمىد قىلىۋاتقان جىگەرلىك دېھقان ، پۇلۇڭنى ئۆزۈڭ خەجلەپ ، ئۆز كۈچۈڭگە تايىنىپ ئىمتىھان بەرگىن ئاغىنە .
ئەمدى كاملىنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ چارىسىنى قىلمسام ئىشىم چاتاق ، دېگەن قارارغا كەلدىم - دە ، ئۇنى مىڭ تەستە تېپىپ مەقسىتىمنى ئېيتتىم .
— ھە ، جۈرئەت ، ئەمدى پاقالچاققا پىت چۈشتىمۇ ؟ — دېدى ئۇ مازاق ئارىلاش ، — ئۇياق - بۇياق قاتراپلا يۈرگۈچە ئىسمىڭغا لايىق ئۆگىنىشكە جۈرئەت قىلساڭ بولمامدۇ ؟ ! راست ، ئىسمىڭنىڭ مەنىسىنى بىلەمسەن ؟
— دادام شۇنداق ئىسىم قويۇپتىكەن ، — دېدىم يەرگە قارىۋېلىپ .
— قاراپ قويغىن ھۆرمەتلىك ساۋاقدىشىم ، — دېدى ئۇ تۆش يانچۇقىدىن ئىككى كوي چىقىرىپ ماڭا كۆرسەتكىنىچە ، —

مۇشۇ پۇل يېتىدۇ، مەن ساڭا ئوخشاش بەتخەج ئەمەس. شۇنى دەپ قوياي: ئادەتتە ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىشىم مۇمكىن، ئەمما ئىمتىھاننى مۇستەقىل بەرمىسەڭ بولمايدۇ. قېنى قايسى مەسىلىلەرنى يېشەلمىدىڭ؟ قايسى دەرسلەرنى چۈشەنمىدىڭ؟ فىزىكىمۇ ياكى جۇغراپىيىمۇ؟

ئۇ مېنى تازا ئوسال قىلىۋەتتى. سوراي دېسەم بىرەر سوئالمۇ كاللامغا كەچمەيتتى. شۇ كۈنلەردە مېنىڭ كاللام گىياھسىز چۆلگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. يەنە بىردەم بېزىرىپ تۇرسام گەپنىڭ تېخىمۇ سېسىقى چىقىدىغاندەك قىلاتتى. ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. شۇ ئەسنادا مەكتەپ بېغىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، تېخى ئەتىگەندىلا دادامنىڭ ئىشكاپىدىن كانتىلاپ چىققان تاماكىدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ يەنە نېمىنىدۇر خىيال قىلاي دەۋاتقىنىمدا، ئارقا تەرىپىمدىن ئاڭلانغان: «ھۇ ئەخلاقسىز، ئەمدى تۇتۇلدۇڭمۇ؟» دېگەن ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتىم. بۇ ئاۋازنىڭ بىر قىز بالىنىڭ ساداسى ئىكەنلىكىگە قارىماي قورقۇنچلۇقتا ئارقامغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم، چېكەمدىن پۇر - پۇر تەر چىقاتتى، قولۇمدىكى تاماكىنى بىر ئاماللاپ توپىغا كۆمۈۋېتىپ ئارقامغا قارىدىم - يۇ، قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك زىل كۈلكە ساداسىنى ئاڭلاش بىلەنلا ھەممىنى ئۇنتۇدۇم. بۇ كۈلكە — كەچكۈزدە سارغايغان دەرەخ شاخلىرىدا ۋىچىرلىشىۋاتقان بىر توپ قۇشقاچلارنىمۇ ئۈركۈتۈپ تەزدۈرۈۋەتتى.

— ھە، خۇماردىن چىقمايدىغان بەڭگى، يەنە نېمە غەم؟ — دېدى قىز. ئۇ، ساۋاقدىشىم گۈلنۇر ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى دادامنىڭ ئىدارىسىدا ئورۇن باسار باشلىق ئىدى. ئۇنىڭ

ئۇستىگە بۇ ئىككى ئائىلە يېقىن قوشنا ئىدۇق. گۈلنۇرنىڭ قىز بالىلىقىغا باقماي ئۇ ئىككىمىز مەكتەپ ۋە مەھەللىدە ھەمىشە دېگۈدەك بىرگە يۈرەتتۇق، مېنىڭ ـ تۇرۇشلىرىمىز ھەتتا ئۆگىنىشكە بولغان «ئامراق» لىقىمىزمۇ پەرقسىز ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئىككىمىزنىڭ غەم ـ قايغۇمىز بىر يەردىن چىقتى، ھال ئېيتىپ يۈرۈپ ئاخىر يول تاپتۇق.

— نېمە غەم قىلىسەن جۇرئەت، — دېدى گۈلنۇر تەمەننا بىلەن، — مەن ئانامدىن مۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغان، بىزمۇ شۇنداق قىلىپ كۆرسەك قانداق؟

— قانداق گەپ ئىكەن؟ — گۈلنۇرنىڭ ئاغزىغا قارىدىم.

— ئوغرىلىق قىلىدىغانلارچۇ، — دېدى ئۇ ئاستاغىنا، — ئۆي ئىگىسىنىڭ ئويغىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قەبرە توپىسىدىن ئېلىپ كېلىپ، تۈڭلۈكتىن ئۆيگە چاچارمىش، ئۆي ئىگىسى قەبرە توپىسىنىڭ چېكىدا بىخۇدلىشىپ خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۇخلاپ كەتكەندە، ئوغرى ئۆيگە كىرىپ خالىغانىنى ئېلىپ چىقارمىش.

— بىزمۇ بىر سىنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا چۈشەمدۇق؟ — سورىدىم ھەيران بولۇپ.

— ھەي كالۋاش، — دېدى گۈلنۇر مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ، — سەنمۇ ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن ئەتە تۇپراق بېشىغا بارغىن ـ دە، قەبرە توپىسىدىن بىرەر خالتىغا ئېلىپ كىر، توپىنى پارتىغا يوشۇرۇپ قويىمىز. ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندە باسقۇچلۇق ئىمتىھان باشلىنىش ئالدىدا — كومىسسىيەلەر سىنىپقا كىرگۈچە، توپىنى سىنىپقا توزىتىپ چاچىمىز ـ دە، بەخىرامان ئولتۇرىمىز. كومىسسىيە بولۇپ كىرگەن ئوقۇتقۇچى بىردەمدىلا

پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا چۆشىدۇ، مانا شۇ پەيتتە خالىغانچە كۆچۈرىمىز، قانداق؟

— ئاغزىڭغا ياغ گۈلنۇر، ياشاپ كەت، — دېدىمەن، ماڭا خۇددى قىرى كالىغا پىچاق ياققاندەك ياققان ئۇ چارىدىن رازى بولۇپ.

يۈرەكنى ئالدىغان ئىمتىھان كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى. بىز ساۋاقداشلار تالادىكى پۈرسەتتە بايىقى توپنى سىنىپقا چاچتۇق. سىنىپ ئىچى خۇددى يۈز يىللىق كونا ئۆي چېقىۋېتىلگەندەك ئاچچىق توزاڭ بىلەن تولدى. چېدىماي چۈشكۈرۈشكە باشلىدۇق. ئاخىر تالاغا قاچتۇق. گۈلنۇر نازۇك قىز بولغاچقا تولا چۈشكۈرۈۋېرىپ پوتلىسى چۈۋۈلۈپ مەڭزىگە چاپلىشىپ قالدى، ئۇنىڭ بالىلىقتا ئاران قاملاشتۇرغان ئەمەللىرى بۇزۇلۇپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن سېرىق ئاسلانغا ئوخشاپ قالدى. ئەتىگەندىلا بىئولوگىيە ئىمتىھان باشلاندى. بەش سوئال بىر - بىرىدىن مۈرەككەپ ئىدى. بىر ئەمەس ئىككى مۇئەللىم كومىسسىيە بولۇپ كىرىپ قالدى. مەكتەپ مۇدىرى بىلەن سىنىپ مۇدىرىمىزمۇ پات - پات كىرىپ - چىقىپ يۈردى. ئىمتىھان باشلىنىپ يېرىم سائەت ئۆتۈپ كەتتى، بىر جۈملىمۇ خەت يازمىدىم. يەنە كۆتتۈم، كومىسسىيەلەر ئۇخلاش تۈگۈل بىر يەردە ئولتۇرۇپمۇ قويمىدى، بىر سائەت بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. ئوڭ تەرەپ ئىككىنچى رەتتە ئولتۇرغان گۈلنۇرمۇ يىگىنە ئىزدەۋاتقان مومايدەك يەردىن ئۈستۈن قارىماي، سول قولىنى پارتا ئاستىدىن چىقىرالماي ئاۋارە ئىدى. يازاي دېسەم مېڭەم قۇرۇق، لەشنى ئېلىۋەتكەن نوگايدىن پەرقسىز بولۇپ قالغان ئىدىم. شۇ ئارىدا «شاراق - شۇرۇق ... پاق» قىلغان ئاۋاز ھەممەيلەننى ئۆزىگە قاراتتى. كومىسسىيە دەرھال

گۈلنۇرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ پۇتى ئاستىدىكى كىتابنى قولىغا ئېلىۋېدى، نېمە قىلارىنى بىلمىگەن گۈلنۇر بەئەينى كىرپىدەك تۈگۈلۈپ پارتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكىلى قىل قالدى.

— كونا كېسىلىڭىز يەنە قوزغىلىپ قاپتۇ — دە، — دېدى مۇئەللىم. گۈلنۇرنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. قارىسام، سىنىپتىكى ھەممە گۈلنۇر تەرەپكە تىكىلگەندەك بىلىندى. شۇنىڭ بىلەن دەپتىرىمنى قوينۇمدىن ئاستا ئالدىم — يۇ، زاماتلا يەنە بىر كومىسسىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم. گۈلنۇر ئىككىمىزنىڭ بۇ ئەخمىقانە «ئويۇن» مىز بىزنى ساۋاقداشلار ۋە ئۇستازلار ئالدىدا تولىمۇ رەسۋا قىلدى. ئىمتىھان قەغىزىنىمۇ ئاق بېرىپ چىقتۇق. ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەي، ئارقىمىزدا قالغان ئىزىمىزغا قايتقانلىقىمىزنى بىلىپ قالدۇق. ئەسەبىي خۇراپىيلىققا چوقۇنۇپ تارتقان زىيانىنى ئەسلەپ پۇشايمان يېسەكمۇ، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تېپىلمىدى.

1989 — يىل 3 — ئاي . ئۈچتۇرپان

# كىم ئەيىبلىك

## 1

قولىدىكى بىر قانچە بەت ماتېرىيالنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن شىرە تارتمىسىغا سېلىپ قويغان زەينۇللا كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. تېلېفوننىڭ «جار ... » قىلغان ئاۋازى ئۇنىڭ خىيال يىپىنى چورتلا ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى ـ دە:

— ۋەي ... كىم؟ — دېدى بىر خىل گاراڭلىقتا، — ھە، ھە، مەن زەينۇللا ... ھە، ھازىر، مانا ماڭدىم.

زەينۇللا تۇرۇپكىنى ھاپىلا ـ شاپىلا جايىغا قويدى. تۈگمىلىرىنى تولۇق ئېتىپ شەپكىسىنى كىيىپلا ئىشخانىدىن چىقتى.

زەينۇللا 40 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، كەڭ گەۋدىلىك، رۇخسارىدىن غەيرەت ـ شىجائەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئۇزۇن ئېڭەك، قارا كۆز ئادەم بولۇپ، ئىدارە بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن رازۋېدچىكلاردىن ئىدى.

ساقچى باشلىقى زەينۇللانى خىزمەت شىرەسى ئالدىدا كۈتۈۋالدى. باشلىقنىڭ ئالدىدا قىسقىغىنە يېزىلغان بىر پارچە خەت تۇراتتى. باشلىق خەتنى زەينۇللاغا تەڭلىدى، باشلىقنىڭ

بۇنداق جىددىي پەيتتە گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىدىغان مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان زەينۇللا خەتنى ئۈن ـ تىنسىز قولىغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى :

« ج . خ ئىدارىسىغا ئەرز : تۈنۈگۈن ئاخشام كىنودىن قايتىپ كەلسەك ، ئۆينىڭ ئىشىك قۇلۇپى چېقىپ تاشلىنىپ ، ئۆيدىن بىر قىزىل چامادان يوقالغان . ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە ئورنىدىن مىدىرلىمىغان . ئىز ـ دېرىكىنى قىلالمىدىم ، ياردەم قىلىپ تېپىشىپ بەرسەڭلار .

ھۆرمەت بىلەن : 2 ـ ئاھالە كومىتېتى تەۋەسىدىن ئەدھەمجان » .

ـــ بۇ ئىشنى سىز بىر تەرەپ قىلىڭ ، ـــ دېدى باشلىق زەينۇللاغا تىكىلىپ ، ـــ دەۋاگەرنىڭ ھېچقانداق گۇمانى ، يىپ ئۇچى يوق . يىپ ئۇچى قانچە بالدۇر تېپىلسا شۇنچە ياخشى . كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ .

ـــ خوپ ، ـــ دېدى زەينۇللا ئىشەنچ بىلەن ۋە ئىشخانىسىغا قايتىپ كىرىپ دەرھال كىيىم ئالماشتۇردى . ئىشكاپىدىن قىزىل ياغلىققا ئورالغان بىر نەرسىنى ئېلىپ پورمىنىڭ يانچۇقىغاسالدى ـ دە ، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى .

## 2

زەينۇللا خەتتىكى ئادرېس بويىچە شەھەرنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى چوڭ كوچىنى بويلاپ مېڭىپ ، بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ كۆجۇم مەھەللىسىگە كىرىپ كەلدى . ئۇ ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىگە قىزىقىش بىلەن تىكىلىپ ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىشىك

بېشىغا ئەستايىدىل زەڭ سالاتتى. ھېلىغۇ بۇ ئىش، خېلى - خېلى چوڭ - مۇرەككەپ ئەنزىلەردىمۇ ئۆزىنى ئاشكارىلىماي يىپ ئۇچى تاپالايدىغان زەينۇللا بۇ كوچىنى بويلاپ بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن «27 — 0 نومۇرلۇق» دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ، كەلدى - دە، ھېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا قوش قاناتلىق بۇ دەرۋازىنىڭ ھالقىسىغا قول ئۇزاتتى. ھايال ئۆتمەي ھويلا ئىچىدە يەڭگىل ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان زەينۇللا ئىككى قەدەم ئارقىغا چېكىندى. دەرۋازا ئاستا ئېچىلىش بىلەن تەڭ 20 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزنىڭ زىلۋا گەۋدىسى كۆرۈندى. قىز ئەدەب بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن دەرۋازىنىڭ ئوڭ قانىتىنى ئېچىۋېتىپ، ئۆزىنى سول تەرەپكە ئالدى - دە، ناتونۇش مېھماننى تەكلىپ ئەتمەك بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى.

— ئەدھەم ئەپەندىم ئۆيدە بارمىدۇ؟ — سورىدى زەينۇللا قىزچاقتىن چاققان كېلىپ.

— دادام بار، ئۆيگە كىرسىلە، — دېدى قىز يۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ. مېھمانمۇ ئىككىلەنمەيلا ھويلىغا كىردى. قىز مېھماننى ھويلىدا قالدۇرۇپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بۇ قەدىمىي ئىمارەت شۇنچە زىچ بىر شەھەردە بولۇشىغا قارىماي، ئىچكىرى - تاشقىرى ھويلىلىق ئىدى. ئىچكىرىكى ھويلىغا چىرايلىق ئەگىمىلىك ئىشىك ئارقىلىق كىرگىلى بولاتتى. ئۇزۇن كەتكەن قەشقەرچە پېشايۋاننى بويلاپ ئىچكىرىكى ھويلىغىچە تال بارىڭى بولۇپ، ئالدى چېكىلىشكە باشلىغان ئۈزۈم ساپاقلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. زەينۇللا بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرگە نەزەر تاشلاۋاتقاندا، ئىچكىرىكى ھويلىدىن مويسىپىت بىر ئادەم چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

— ئۆزلىرى ئەدھەم ئەپەندىم بولامدىلا ؟ — زەينۇللا مويسىپىتتىن ئەھۋال سورىغاچ خىزمەت كىنىشكىسىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

— شۇنداق ئوغلۇم، — دېدى مويسىپىت مىيىقىدا كۈلگىنىچە زەينۇللانىڭ كىنىشكىسىنى ياندۇرۇپ بېرىپ، — كېلىڭ، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى.

ئەدھەم ئەپەندى 60 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن، دۈمچەككىنە كەلگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ گەپ ئارىسىدا ھاسىراپ تۇرۇشىدىن يۈرىكى ياكى ئۆپكىسىدە دەرد بارلىقى « مانامەن » دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. زەينۇللا تۇزىتىسىزلا ساھىبخانىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ياسىداق مېھمانخانا ئۆيگە كىردى. ئاستى تاختايلىق بۇ مېھمانخانىنىڭ يەر ۋە تاملىرى خوتەننىڭ داڭلىق گىلەملىرى بىلەن قاپلانغان ئىدى. نەقىشدار، پارقىراق ساندۇقلار، سىم كارىۋاتلار، ھەر خىل چوڭ - كىچىك پەتنۇسلار، گۈل تىكىلگەن چۆچىلىق لۆڭگىلەر ئۆينىڭ كۆزگە چېلىقارلىق جايلىرى، تەكچىلەر ئارىلىقىدىكى تاملاردا ئۆزگىچە جۇلالىنىپ تۇراتتى. قىسقىچە ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، زەينۇللا ئەسلى مەقسەتكە كۆچتى :

— سىلەرنىڭ چامادان مۇشۇ مېھمانخانىدىن يىتكەنمۇ ؟

— شۇنداق

— بىرەر ئىز قالغاندەكمۇ ؟

— دەھلىزنىڭ بوسوغىسىدا پەيدا بولۇپ قالغان بىر دانە ئامبۇردىن بۆلەك ھېچقانداق ئىز يوق.

— گۇمان قىلغان باشقا تەرەپلىرىڭىز بارمۇ ؟

— يوق

— چامادانىدا نېمىلەر بار ئىدى ؟

— قىزىم ئاپتاپئاينىڭ كىيىم - كېچەك ، ئالتۇن جابدۇقلىرى بىلەن بىر ئاز پۇل بار ئىدى .

— شۇ كۈنى ئائىلىدىكى ھەممىڭلار كىنوغا بارغانمۇ ؟

— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ ، — دېدى ئەدھەم ئەپەندىم سەل ئېسىنى يىغىۋېلىپ ، — ئائىلىمىزدە بىر قىز ، بىر ئوغلۇم ۋە ئايالىم تۆتىمىز بار . ئۈچ ئاي بولدى ، ئوغلۇم بىلەن ئانىسى تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن شىمالغا كەتكەن ، قېيىن ئانامنىڭ كېسىلى ئېغىر بولغاچقا ، ئۇلار تېخى قايتىپ كەلمىدى . قىزىم ئانىسىنى سېغىنغان بولسا كېرەك ، شۇكىلەپ قالغان ئىدى . شۇ كۈنى قىزىم قوشنىمىزنىڭ قىزلىرى بىلەن كىنو كۆرۈپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۆزۈم ئاپىرىپ كۆرسىتىپ كېلەي دەپ بىرگە باردىم . قايتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولساق ، دەھلىزنىڭ قۇلۇپى چېقىقلىق تۇرىدۇ . ئۆيگە كىرىپ قارىسام ، ھەممە نەرسە جايى - جايىدا تۇرغاندەك قىلاتتى . بىراق ، قىزىم مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ قىزىل چامادانىنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپتۇ .

— قىزىڭىز زىيانغا چىدىماي تازا ئالچۇقان كۆتۈرگەندۇ ھەقىچان ؟

— ياق ، يىغا بىلەن نېمە ئىش پۈتىدۇ دەيسىز ؟ بىچارە بالا تامدەك تاتىرىپ ، ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى بىر تاقىۋالغانچە ، ئەتىسى ئەتىگەندە مەن چاقىرغاندا ئاران قېشىمغا چىقتى . مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ تۈنى بىدار ئۆتكۈزگەن ئىدىم . ئۇنى ساق - سالامەت ھالەتتە كۆرۈپ ، ھېلىقى خەتنى يېزىپ ، سىلەرگە پوچتىدىن ...

چامادانىدىكى نەرسىلەرنىڭ قانچىلىك قىممەتكە

يارايدىغانلىقنى بىلەمسىز ؟
— قىزىم بىلىدىغۇ دەيمەن ؟
— قىزىڭىز ياتلىق بولغانمۇ ؟
— ياتلىق بولغان ، لېكىن ئىبرالىشىپ كەتكىنىگە بىر يىل بولدى .
— قىزچاق بىرەر ئورۇندا ئىشلەمدۇ ؟
— نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى شىركىتىدە ئىشلەيدۇ .
— ھە .... ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقسام بولامدۇ ؟
— ئەلۋەتتە بولىدۇ .
— چىقىلغان قۇلۇپنى كۆرۈپ باقسام بوپتىكەن .
— مانا ھازىرلا ... ئەدھەم ئەنەپەندىم ئورنىدىن دەس قوپۇپ ، يېشىل دېرىزە پەردىسىنىڭ ئىچىگە قول ئۇزىتىپلا ، دېرىزە تەكچىسىدىن چوڭ سېرىق تۇچ قۇلۇپنى ئېلىپ ، ئاچقۇچى بىلەن زەينۇللانىڭ ئالدىغا قويۇپ نېرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى . زەينۇللا قۇلۇپقا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى : قۇلۇپ راستتىن چېقىلغان بولۇپ ، ئالدى ئۇستۇنكى قىرغاق سەل يىمىرىلگەن ئىدى . ئىلغۇچ ئوق ، ئىچكى ئىلىنغۇچ ئوق غىجىلانغاندەك قىلاتتى . زەينوللا ئورنىدىن قوپۇپ تاشقىرىغا چىقتى - دە ، ئىشىكنىڭ زەنجىر ۋە قاغا تۇمشۇقلىرىغا كۆز يۈگۈرتتى . شۇنچە مۇستەھكەم قاغا تۇمشۇق سەل بوشاپ لىكىلداپ قالغان ئىدى . شۇ ئەسنادا ئاپتاپئاي ئاتىسى بىلەن باغ تەرەپتىن چىقتى . ئۇلار ئۆيگە قايتا كىرمەيلا پېشايۋان ئاستىدا — دەھلىز ئۆينىڭ قوش قاناتلىق باغداتچە ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرۇپ سۆزلەشتى . قىزنىڭ چىرايىدا بىرەر ئەندىشىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . تېخى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك بىپەرۋالىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . زەينۇللا سۆھبەتداشلىرىغا

چاندۇرماستىن ئەتراپقا نەزەر تاشلايتتى.

— بۇ ئىشتا ئاپتاپئاينىڭ بىرەر گۇمانى بولسا ئاڭلاپ باقساق، — دېدى زەينۇللا قىزغا بۇرۇلۇپ.

— مەندە پاكىت ياكى گۇمانمۇ يوق. بىراق، ئوغرى قۇلۇپ چاققان ئامبۇرنى چۈشۈرۈپ قويغان ئىكەن، ئەتىگەن دادام تېپىۋاپتۇ، — قىز مۇشۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا چىرايى لاپپىدە ئۆچۈپ، ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئۇ گېپىنىڭ قۇيرۇقىنى يۇتۇۋېتىپ، چوراپ ئورنىدىن قوپتى. ئۇنىڭ قىزىل رېزىنكە ساپلىق ئامبۇرنى ئېلىپ چىقىپ زەينۇللاغا ئۇزاتقان نازۇك بارماقلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كەتتى. بۇ ھالغا چاندۇرماي دىققەت قىلىۋاتقان زەينۇللا ئامبۇرنىڭ تۇمشۇق قىرىنى بۇزۇلغان قۇلۇپنىڭ زېدىلەنگەن يېرىگە تەگكۈزۈپ بېقىپ:

— ئوغرىنىڭ مۇشۇ ئامبۇرنى ئىشلەتكەنلىكى ئېنىق، — دېدى ئوڭ قولىدا ئېڭىكىنى يۆلەپ پەرۋاسىز ئولتۇرغان قىزغا قاراپ.

— مەنمۇ شۇنداق گۇمان قىلىمەن، — دېدى قىز خوش ياقمىغان قىياپەتتە زەينۇللانىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.

قىزنىڭ چىرايى ۋە روھىي ھالىتىدىكى تاسادىپىي ئۆزگىرىشلەردىن نېمىندۇر سېزىپ ئۈلگۈرگەن زەينۇللا قىسقىغىنە خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن، قىزدىن يوقالغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمى، سانى، قىممىتىنى تەپسىلىي يېزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. قىز ھېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا ماقۇل بولۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەدھەم ئەپەندىم بىلەن زەينۇللا سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاپتاپئاينى كۈيەسىدىن ئىبرالاشتۇرۇۋېتىشكە سەۋەب

بولغان ئىشلارنى بىلىپ بېقىشقا بولامدۇ ؟ — سورىدى زەينۇللا .

— كۆيئوغۇل بىلەن ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق چۈشكەن .

— ئىككى بالا ياخشىمىدى ؟

— ئۇلارغۇ ياخشى ئىدى ، — دەپ ئۇھ تارتتى ئەدھەم ئەپەندىم ، — بىر يىلدىن بۇيان كۆيئوغلۇم : « يېنىشۋالساق ، مەن قېپىن ئاتامغا چاي قۇيۇپ ئالدىغا چۈشسەم » دەپ ئاۋارە .

— ئۇ گەپ ھازىرمۇ بارمۇ ؟

— ئىككى ئاي بۇرۇن قاتتىق ئاغرىتىپ گەپ ئېيتىپ بەرگەن ئىدىم ، شۇنىڭدىن كېيىن سەل جىمىققان .

— ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى ؟

— ئەكرەمجان . پولات زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ ...

ئىككىيلەن قىزغىن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاندا ، ئايتاپىئاي چىرايلىق ، رەتلىك يېزىلغان تىزىملىكنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى . زەينۇللا تىزىملىكنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن :

— مەن قايناي ، زۆرۈر تېپىلسا يەنە كېلىمەن ، — دەپ ئورنىدىن قوپتى تىزىملىك بىلەن ھېلىقى ئامبۇرنى سومكىغا سالغاچ . ئۇ ھويلىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ، دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تامنىڭ لاي سۇۋىقىدا يېڭىلا جىجىلغان ئىز قالغانلىقىنى كۆرۈۋالدى .

## 3

زەينۇللا زاۋۇت دەرۋازىسىدىن ئالدىراش كىرىپ كەلدى - دە ، تۈنجى بولۇپ ئۇچراشقان 35 ياشلاردىكى ئاق سېرىق بىر

يىگىتتىن سورىدى:

— سىلەرنىڭ بۇ زاۋۇتتىكى ئەكرەمجان دېگەن مانتيور يىگىت بىلەن كۆرۈشەي دەپتىم...

— ئەكرەمجان؟ بىزدە ئەكرەمجان دەپ مانتيور يوق. ئىنژېنېر ئەكرەمجاننى ئىزدەيدىغان ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداقمۇ؟ مەن خاتا ئاڭلىۋالغان بولسام كېرەك، بەلكى شۇمىكىن...

— سىز ئەكرەمجاننى تونۇمسىز؟

— ياق، ئۇ... ئۇنىڭ بىلەن...

— مۇنداق دەڭ.

— ئۇ هازىر پىلان يىغىنىدا، ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، — دېدى يىگىت زەينۇللانىڭ باش - ئايىغىغا قاراپ پەرۋاسىزلىق بىلەن، — ئۇ چوقۇم ئىشخانىسىغا بىر دوقۇرۇۋېتىپ ئاندىن ئۆيىگە قايتىدۇ. يۈرۈڭ، ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىلا كۆرسىتىپ قوياي، ئاشۇ يەردە ساقلاپ تۇرارسىز.

ئۇلار ئەمدىلا بىر دوقمۇشتىن قايرىلىشىغا، ئىشخانىدىن ئەمدىلا چىققان 30 ياشلار چامىسىدىكى قامەتلىك بىر يىگىت بىلەن دوقۇرۇشتى.

— ماۋۇ مېھمان سىزنى ئىزدەپ چىققان ئىكەن، باشلاپ كېلىشىم، — دېدى زەينۇللانىڭ ھەمراھسى، ياخشى ئۆيگە كېتىپ قالماپتىكەنسەن...

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دەپ قول ئۇزاتتى زەينۇللا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — يىگىت ئۇنىڭ قولىنى قىستى.

— ئەكرەمجان ئىنژېنېر سىز بولامسىز؟

— ھەئە، سىزنى تونۇيالمىدىمغۇ؟

— مەن ...

— سىلەر تونۇشۇۋېلىڭلار ، — دەپ ھىجايدى بۇ يەردە ئۆزىنى ئارتۇقچە ھېس قىلغان ئاق سېرىق يىگىت ، — مەن سىرتقا كىرەي .

يىگىت شۇنداق دەپلا ئۇلاردىن يىراقلاشتى . زەينۇللا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ، كىيىلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى . ئەكرەمجان ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ زەينۇللانى كىرىشلوغا باشلىدى .

— بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭىز بارمىكىن ؟ — دېدى زەينۇللا ئەدەھەم ئەپەندىمنىڭ ئەرز خېتىنى ئەكرەمجانغا سۇنۇپ .

— بۇ ئىش ... ؟ — دەپ دۇدۇقلىدى ئەكرەمجان ھەيرانلىق ئىچىدە بىر ئاز جىددىيلىشىپ .

— نېمانچە جىددىيلىشىسىز ؟ سىز ئاڭلىق ئادەم ... مەنمۇ ھېچقانداق ئاساسسىزلا سىزنى ئىزدەپ كەلمىدىم . ئەگەر گېپىمگە ئىشەنگۈڭىز كەلمىسە ، مانا بۇلارنى كۆرۈپ بېقىڭ . زەينۇللا سومكىسىدىن ئامبۇر بىلەن ئاپتاپئاينىڭ خېتىنى چىقىرىپ ، ئەكرەمجانغا ئۇزاتتى . ئەكرەمجان خەتنى قولىغا ئالغاندا چىرايى سەل ئۆزگۈرۈپ ، ئورنىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس قىمىرلاپ قويدى . خەتنى ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ ئوقۇپ ، « پۇششىدە » تىنىدى - دە ، يەرگە قاراپ جىم بولدى .

— بۇ سايمانىنى ئالغاچ كەلگىنىم ئوبدان بولغاندۇ ؟ — زەينۇللا ئامبۇرنى ئۇزاتقان ئىدى ، ئۇ بىر يىبىرگە يىڭنە سانجىغاندەك ئەندىكىپ ، چەكچەيگەن كۆزلىرىنى زەينۇللاغا سوئال نەزىرىدە تىكتى - دە ، ئۆزگە يات چىرقىراق ئاۋازدا :

— يولداش سىز ... سىز مېنى ئوغرىلىقتا ئەيىبلىمەكچىمۇ ؟ — دەپ ھۆرپەيدى .

— ياق ، — دېدى زەينۇللا كىنايە تەلەپپۇزىدا ، — سىزنى مەن ئەمەس ، پاكىت ئەيىبلەۋاتىدۇ ...

— پاكىت ؟ قانداق پاكىت ؟

— مانا مۇشۇ ئامبۇر بىلەن ئەدھەم ئەپەندىمنىڭ هويلا ۋە ئىشىك - دېرىزىلىرىگە چۈشكەن بارماق ، ئاياغ ئىزلىرى ...

— ها - ها - ها - ها ! ... — ئەكرەمجاننىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك نەلەرگىدۇ غايىب بولۇپ ، غالىبلارچە قاقاقلاپ كۈلدى ، — قىزىق گەپ بولدىغۇ بۇ ... باشقا بىرسىنىڭ پۇت ، بارماق ئىزلىرىنى مېنىڭكى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويمىغان بولسىڭىز ، هازىرلا قولۇمنى باغلاپ ئېلىپ مېڭىڭ ! بولمىسا ...

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ ! — دەپ گەپنى بۆلدى زەينۇللا ئەكرەمجاننىڭ « ئىشخانامدىن چىقىڭ ! » دېمەكچى بولغانلىقىنى سېزىپ ، — بۇنداق يەڭگىللىك قىلسىڭىز سۆهبىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇش تەس بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىزنى « ئوغرى » دەپ جاكارلىمىدىم ...

— نېمە ... باياتىن نېمىدېدىڭىز ؟

— كەچۈرۈڭ ، دېققەتسىزلىكىمدىن ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ ... سىز مېنىڭ بۇ ئامبۇر ئىگىسىنى تېپىشىمغا ياردەملەشسىڭىزلا بولدى . قائىدە بويىچە ، زاۋۇتىڭلارنىڭ قوغداش بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشىم كېرەك ئىدى . بىراق ، بەزى ئەهۋاللار مېنى ئاۋۋال سىز بىلەن ئۇچرىشىشقا مەجبۇر قىلدى . ئەگەر خاتالاشمىسام سىز ئامبۇرنىڭ ئىگىسىنى چوقۇم بىلىسىز .

— نېمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دەيسىز ؟ — ئەكرەمجان « لەسسىدە » بوشاشتى - يۇ ، ئالدىراپ تەن بەرگۈسى كەلمىدى . زەينۇللا كېسىپلا ئېيتتى :

— نىمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دەيتتىم : مۇشۇ ئامبۇرنى كۆرسىلا رەپىقىڭىزنىڭ پۇت - قولىدا جان قالمايدۇ . كۆزلىرىدىن مۇشۇ ئامبۇرنىڭ ئىگىسىگە قانچىلىك ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقى « مانا مەن » دەپلا ئاشكارىلىنىپ تۇرىدۇ ...

— بولدى ، — ئەكرەمجان زەينۇللانىڭ سۆزىنى بۆلدى ، — ئەيىب مەندە ، ئامبۇرنى چۈشۈرۈپ قويمىغان بولسام ...

— بۇ ...

— ئەمدى قايىل بولغانسىز ؟ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماي ، بۇ « ئوغرى » لىقنىڭ تەپسىلىي جەريانىنى سۆزلەپ بېرىڭ .

ئەكرەمجان يەرگە خېلى ئۇزاق قاراپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن قاتتىق بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېلىپ ، پەس ئاۋازدا گەپ باشلىدى :

— مەن مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ، 1966 - يىلى شىئەن سانائەت قاتناش ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ مۇشۇ زاۋۇتقا تەقسىم قىلىنغان . دادام تىجارەتچى . ئەسلىدە ئۇ ، قېيىن ئاتام مۇدىرلىق قىلىدىغان ھۆكۈمەت ، بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى ماگىزىندا پىركازچىك ئىدى . « مەدەنىيەت ئىنقىلابى » دا ، ئەدەھەم ئەپەندىم « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار » دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا دادام مۇدىر بولدى . دادام پۇل ، ھوقۇقنى باشقىغا قىزىقمايدىغان ئادەم بولغاچ ، « بىرگە زەربە بېرىپ ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتىدە ئەدەھەم ئەپەندىمگە سىياسىي بۆھتاندىن بىرنى چاپلاپ ، ئۇنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىپ قويدى . مەن ئۇ چاغدا ئاتالمىش « سېسىق » لار قاتارىدا ئۇچۇقدالغان ئىدىم . تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ يېزىغا

« چىنىقىش » قا چۈشۈپ كەتكەن ئاپتاپئايمۇ دادىسىنىڭ كاساپىتىدىن يا شەھەرگە قايتىپ كىرەلمىدى، يا ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارالمىدى. ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن بىر ـ بىرىمىزگە ئامراق ئىدۇق. نوي قىلالماي خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن ۋەزىيەت سەل ياخشىلىنىپ، ئاپتاپئايمۇ شەھەرگە قايتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. نوي قىلىش توغرىلىق ئەلچى قويغان ئىدىم، ئەدھەم ئەپەندىم ئۆتكەن ئىشلارنى سالۋاتقا چىقىرىۋېتىپ، ئاپتاپئاي بىلەن ئىككىمىزنى جۈپلەپ قويدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز ناھايىتى ئىناق ئىدۇق. قۇدىلارمۇ ئوبدان ئۆتتى. ئەپسۇسكى، ئەدھەم ئەپەندىمنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان چاغدا، دادام ئەينى ۋاقىتتا چاپلىغان بۆھتاندا يەنىلا چىڭ تۇرۇۋالدى. ئىككى يىل قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش ئارقىلىق شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، 60 ـ يىللاردا ئەدھەم ئەپەندىم بىر ئىقتىسادىي مەسىلىدە دادامنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ، زىيانىنى تۆلىتىپ ئالغان ئىكەن. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، دادام پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەدھەم ئەپەندىمگە قارا چاپلاپ ئىنتىقام ئالغان ئىكەن. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە، ئەدھەم ئەپەندىم ئاپتاپئايغا كايىپ: « ئۇنىڭ ئوغلى ئىنژېنېر تۇغۇل ئالىم بولسىمۇ كەچتىم! سەن مېنىڭ پۇشتۇم بولىدىكەنسەن ئۇنىڭ ئۆيىدە كېلىن بولمايسەن. گېپىمگە كىرمىسەڭ، سەندەك قىزىم يوق! ... » دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئالتە ئاي جان ئاغىداپ باقتۇق. نۇرغۇن ئادەم ئارىغا چۈشكەن، سوت مەھكىمىسى قايتا ـ قايتا خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ قېيىن ئاتام گەپ يېمەي، ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز ئۆمۈر بويى باشقىلار بىلەن نىكاھلانماسلىققا ۋەدىلىشىپ، ئارمان بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. يېقىندا ...

— رەپىقىڭىز قېشىڭىزغا يېنىپ كېلىۋالماقچى بوپتۇ - دە، — زەينۇللا گەپ ئارىلىدى. ئەكرەمجان:
— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى كېسىپلا.
— ئەمىسە ...؟
— ئۇنداق قىلساق قېيىن ئاتامنىڭ جېنىغا زامىن بولىمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە نىكاھسىز بىر ئۆيدە تۇرۇش — ئۆرپ - ئادىتىمىزگە يات، قانۇنغىمۇ خىلاپ. مەن شۇنچە چوڭ زاۋۇتنىڭ تېخنىكا يېتەكچىلىكىنى قىلىۋاتقان ئادەم تۇرۇپ قانۇن بىلەن ئويناشسام بولامدۇ!؟
— ئۇنداقتا، بۇ قېتىمقى ئوغرىلىق ئىشنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ — سورىدى زەينۇللا ئۇلاپلا.
— بۇنداق قىلىش ئاپتاپئاينىڭ تەلىپى ئىدى، — دەپ ھەسرەتلىك تىنىدى ئەكرەمجان، — مۇندىن بىر ئاي بۇرۇن زاۋۇتىمىزدىكى رەھبەرلەر ئەدھەم ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە ئۈچىنچى قېتىم ئەلچىلىككە بارغان بولسىمۇ قۇرۇق قايتتى. ئاردىن بەش كۈن ئۆتكەن بىر كۈنى ئەدھەم ئەپەندىم تاسادىپىي ئۆيگە كىرىپ، ئاپتاپئاينىڭ بىزنىڭ ئۆيدىن كىيىپ كەتكەن كىيىملەرنى ئالدىغا يېيىپ قويۇپ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئاپتاپئاينى بىر مۇنچە تىللاپتۇ. ئاندىن، ئاپتاپئاينىڭ بىزنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان ھەممە نەرسىنى ھويلىغا ئەچىقىپ ئوت قويۇۋېتىشكە تەييارلىنىپتۇ. ئاپتاپئاي ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ قاتتىق يىغا - زارە قىلغان ئىكەن، قولۇم - قوشنىلار كىرىپ قىلىپ ئۇنى بۇ ئىشتىن توسۇپ قاپتۇ. ئەمما، ئەدھەم ئەپەندىم ئۇ نەرسىلەرنى چامادانغا قاچىلاپ مېھمانخانىغا ئەكىرىپ قۇلۇپ سېلىۋاپتۇ. دادىسىنىڭ قىلمەن دېگەن ئىشنى قىلماي

قويمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ئاپتاپئاي ئۇزاق يىللىق مۇھەببىتىمىزنىڭ يادنامىسى بولغان ئۇ نەرسىلەرنىڭ كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىشىگە چىدىماي يالغاندىن كېسەل بولۇۋېلىپ ئىشقىمۇ بارماپتۇ، ئۆيىدىن تالاغىمۇ چىقماپتۇ. كېچە ـ كۈندۈز ئاشۇ چامادانغا پايلاقچىلىق قىپتۇ. ئاخىر ماڭا خەت يېزىپ، بىر ئامال قىلىپ ئاشۇ چامادانىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن ...

— يەنە يالغان گەپ قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ ! — دېدى زەينۇللا ئەكرەمجانىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ، — نەق ئۇچى يوق تۇرسا ...

— توغرا ئېيتتىڭىز. مەن ئۇ يەرگە بارمىغان.

— ئەمىسە « ئوغرى » كىم ؟

— باياتىن سىزنى باشلاپ كەلگەن يىگىت شۇ، ئىسمى ئېلى : پولات پروكاتلاش سېخىنىڭ مۇدىرى، — ئەكرەمجان گېپىنى تۈگىتىپ، سوزۇپ بىر ئۇھ تارتتى. ئۇ، تۇرقىدىن ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بىر دەم خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىۋاتقاندەك ئاستا پىچىرلىدى، — مەنغۇ مەيلى، بىچارە دوستۇم ئېلىنىڭ يۈزى تۆكۈلىدىغان بولدى ـ دە ... خەير ...

— نېمىشقا مۇنداق دەيسىز ؟

— پۈتۈن بىر سېخنى چۆرۈۋاتقان ئادەم « ئوغرى » دېگەن نامنى ئالسا ...

— خاتىرجەم بولۇڭ. ئۇنى « ئوغرى » قىلماسلىققا تىرىشىمەن.

— ھە ! ... — ئەكرەمجانىنىڭ كۆزلىرىدە ئوت چاقناپ،

چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتى، — بۇ گېپىڭىزدىن قارىغاندا...

— مەخپىيەتلىكنى قەتئىي ساقلاپ، سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەرنى قايتا قۇرۇشقا ياردەم قىلىمەن. ئەمما، شۇنى ئەسكەرتەي: بۇ ئىشلاردىن باشلىقىم چوقۇم خەۋەر تاپىدۇ، — دېدى زەينۇللا جاراڭلىق ئاۋازدا. — ئاخىرقى يەكۈنىمۇ شۇ چىقىرىدۇ...

1986 - يىل، ئۈچتۇرپان

# تالاق

مۇسۇلمانلار ئۇچۇن تولىمۇ خورلۇق ھېسابلىنىدىغان «تالاق» قىلىش، بەش بالىغا ئانا بولغان شەرىپەمنى ئاسماندىن يەرگە تاشلىدى. سەپەرجانمۇ پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلىغان سەۋەنلىكى ئۈچۈن، خۇددى چۈشىنى يېۋالغان ئادەمدەك كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، قولى ئىشقا بارمىدى. تۇۋا، ئاشۇ «تالاق» نىڭ كارامىتى بىلەن شەرىپەم ئانا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە، سەپەرجان بەش بالا بىلەن ئۆز ئۆيىدە سەرسان ئىدى. سەپەرجان ئىناق ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولغان «تالاق» نىڭ قانداق قىلغاندا ئوڭشىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بىر تۇرۇپ سوت مەھكىمىسىگە، بىر تۇرۇپ ئاياللار بىرلەشمىسىگە بېرىشنى خىيال قىلسىمۇ، «〈 تالاق 〉 دېگەن بۇ سۆزنى قانۇن ئېتىراپ قىلماي قالسا ... » دېدى ـ دە، شەرىئەتتىن يول ئىزدىمەكچى بولۇپ، مەھەللىدىكى دۆڭ مازار مەسچىتىنىڭ 60 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئىمامى موللا روزى قارىينىڭ ھۇزۇرىغا يول ئالدى.

موللا روزى قارىي سەپەرجاننى ئوبدان بىلەتتى. سەپەرجاننىڭ قۇرئاندىن خېلىلا خەۋىرى بولغاچقا موللا روزى قارىي بىلەن نۇرغۇن سورۇنلاردا بىللە، كۆپ قېتىم ھەمسۆھبەت بولغان ئىدى. شۇڭا موللا روزى قارىي شۇنچە كېچىدە كەلگەن سەپەرجاننى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چاي ـ مەزە

كەلتۈردى .

— خوتۇن خەقنىڭ « چېچى ئۇزۇن ، ئەقلى قىسقا » دېسە نېمىدەيدىكىن دەپتىمەن تەقسىر ، — دەپ كېلىش مەقسىتىدىن گەپ ئاچتى سەپەرجان .

— خوش ، ئەلۋەتتە شۇنداق بولمامدىغان سەپەرجان ، بۇ مۇنداقلا بىر گەپ ئەمەس ، شەرىئەت ھۆكمىدۇر . خوش ، بۇ گەپنى چىقىرىشتا مەقسەتلىرى ... — موللا روزى قارىم چاي قۇيۇۋېتىپ سەپەرجانغا يەر تېگىدىن قارىدى .

— ئۆتكەن ھەپتىدە ئائىلىمىزدە بىر كېلىشمەسلىك بولدى قارىم ، باللارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ باللارنىڭ ئانىسى بىلەن گەپ تەگىشىپ قالدۇق ، ئانىسى مەندىن يانمىدى ، مەنمۇ ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ ، تازا تېگىپتىمەن . ئاخىرىدا ... — گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى سەپەرجان .

— خوش ، خوش ، جاۋلىداق خوتۇندىن خۇدا ساقلىغاي ، ئاخىر نېمە بولدى ئۆزى .

— شۇنداق قىلىپ ، جۇدۇنۇم تۇتۇپ ، « تالاق » دەپ تاشلاپتىمەن ، تەقسىر .

— ھەي ... ي ، مۇنداق گەپ دېسىلە . ھە ، قېنى خوش ، قۇلىقىم سىلىدە .

— شۇنىڭ بىلەن خوتۇنۇم ئۆيدىن كەتتى ، مەنمۇ نەچچە كۈندىن بېرى ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمىدى . ئۆزلىرىنى يول كۆرسىتەرمىكىن دەپ ئىزدەپ كېلىشىم .

موللا روزى قارىم سەپەرجاننىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چۈشمەيلا ، « ھە ، چۈشەندىم » دېگىنىچە ئالدىغا سىلجىدى ـ دە ، كايىپ كەتتى :

ــ قانداق گەپ بۇ ، سەپەرجان ؟ « ھەممە ئىشنى موللا بىلەر ، موللا بىرىپ كۆلگە سىيەر » دېگەندەك ئىش قىلىپ قويۇپلا ! بەرھەق ، شەرئىي ئىسلام يوسۇنىغا مۇخالىپ ئىش بوپتۇ .. « ئۈچ تالاق » دېگەنمۇ يا ... ؟

ــ مەنىغۇ « تالاق » دېگەندەك قىلغان . خوتۇنۇم دېگەن غەرەز ئۇقمايدىغان تەرسا ...

ــ « 〈 ئۈچ تالاق 〉 دېدىڭ » دەپ تۇرۇۋېلىۋاتامدۇ ؟

ــ شۇنداق تەقسىر .

ــ مۇنداق دېسىلە ... ــ موللا روزى قارىي ساقىلىنى تۇتاملاپ ، كۆزلىرىنى قىيا يۇمۇپ ، بىر ھازا سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ كەتتى . ئاخىر پەرىشان قىياپەتتە تىلغا كىردى ، ــ گەپلىرىدىن قارىغاندا ، يا ئۆزلىرى ئاچچىقلىرىغا پايلىماي « ئۈچ تالاق » دەپ تاشلىغان ۋە ياكى رەپىقىلىرى ئۆزلىرىگە تۆھمەت چاپلاپ نىكاھتىن ئاجراشماقچى بولغان ...

ــ يوقسۇ ، تەقسىر ، ئىمانىم گۇۋاھكى ، بالىلارنىڭ ئانىسىدا ھەرگىز ئۇنداق نىيەت يوق ، ــ دەپ تولغىنىپ كەتتى سەپەرجان .

ــ ئەمىسە ئەيىب ئۆزلىرىدە ئىكەن . قېنى ، دەپ باقسىلا : ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتاملا ياكى ...

ــ ئۆي تۇتىمەن ، تەقسىر ! ... نىكاھتىن ئاجراشسام ، بەش بالا تىرىك يېتىم بولمامدۇ ؟

ــ شۇنداق ، رەپىقىلىرىنىڭ رايى قانداقكىن ؟

ــ ئۇمۇ « ئۆي تۇتساق » دەيدۇ .

ــ كۆرسىلە ... ئۆزلىرىغۇ قارىي ـ « قۇرئان » ئادەم . شەرئىي ئىسلامغا مۇخالىپ يولغا ھەرگىز ماڭمايلا . رەپىقىلىرى « ئۈچ تالاق ، دېدىڭ » دېگەن بولسا ئۇنىڭ دېگىنى ھېساب

بولسۇن، شەرئەت يولى بويىچە «ئۈچ تالاق» نىڭ يولى نىكاھ يەڭگۈشلەشتۇر. مۇبادا، لەۋزىمنى ئىلىك ئالمىسلا، پىقىرمۇ گۇناھقا شېرىك بولۇشنى خالىمايمەن...

سەپەرجاننىڭ بېشى ساڭگىلىدى. موللا روزى قارىي، بۇ ئايالنى قانداقلا بولمىسۇن سۈرتى ئەر دېگەنلا بىرسىگە نىكاھلاپ، ئاندىن نىكاھتىن ئاجرىتىۋېلىپ سەپەرجانغا قايتا نىكاھلىسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سەپەرجان روھى چۈشكەن، سالپايغان ھالدا ئۆيىگە قايتتى. بەش نارسىدە بالا ئۆيىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا جۇددى پىلىكى قۇرۇغان سويمىدەك ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئۇيقۇغا كېتىشكەن ئىدى...

موللا روزى قارىي سەپەرجاننى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ھۇجرىسىنى بىر قانچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتى - دە، ئۆز پەتىۋاسىدىن مەمنۇن بولغىنىچە ياستۇققا باش قويۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ پىچىرلاپ دۇرت ئوقۇشقا باشلىدى. ئەتىسى نامىزىنى تۈگىتىپ كىرىپ داستىخاندا ناشتا قىلغاچ ئولتۇرۇپ، قۇشناچىمغا چۈش ئۆرۈشكە باشلىدى. موللا روزى قارىينىڭ سىزىقىدىن چىقماي ئۆمرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ياشاپ بولغان قۇشناچىم ئېرىنىڭ چۈشىنى ئاڭلاپلا يېزىدىكى قىزىدىن ئەنسىرەپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىزىنى كۆرمىگىنىگە ئىككى ئاي بولغان ئىدى. ئۇ مىشىلداپ يىغلاپ، بۇگۈنلا قىزىنى يوقلاپ كىرمىسە كۆڭلى ئەمىن تاپمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئېرى گەرچە ئىككى گەپنىڭ بىرىدە: «خۇدا ئۆزى ساقلايدۇ» دېسىمۇ، ھايال ئۆتمەيلا «ئۈچ كۈنگىچە تۇرۇپ كېلەرسەن» دەپ يولغا سالدى - دە، ھېلى ئۆيگە كىرىپ، ھېلى ھويلىغا چىقىپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاشقا باشلىدى. كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى بىر خۇدا، بىر

ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى. چۈشكە يېقىن، ئۇنى ئىزدەپ بىر ئايال، بىر ئەر كىرىپ كەلدى. ئەر «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەپ يۈرىدىغان، قولىقى گاس، تىلى ئېلىمەك «توختى دەلدۈش» دېگەن ھەممىگە تونۇش كىشى؛ ئايال زىلۋا بوي، شەھلا كۆز، قارىقاش، ئىلپىتەك قاڭشارلىق، 40 ياشلار چامىسىدىكى ئاق پىشماق جۇۋان بولۇپ، سەپەرجاننىڭ خوتۇنى شەرىپەم ئىدى. موللا روزى قارىي ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار تۆرگە چىقىپ ئورۇن ئېلىشقاندىن كېيىن، قارىي پەگاھدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ شەرىپەمگە يەر تېگىدىن بىر ھازا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. ئاندىن:

— بۇ ئادەم كىم بولىدۇ، خېنىم؟ — سورىدى قارىي شەرىپەمدىن ھېلىقى كىشىنى ئىما قىلىپ.

— سەپەرجان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مۇشۇ ئادەمگە نىكاھ ئوقۇتۇپ شەرتنى ئادا قىلىساق دېگەنتۇق، — دېدى شەرىپەم شەلپەردەك قىزىرىپ.

— ياق خېنىم، بولمايدۇ، — دېدى قارىي قولىنى شىلتىپ، — كىتابۇل شەرئىدە: «يەتتە ئەزاسى بېجىرىم بولمىغان ئادەمگە نىكاھ ئوقۇش دۇرۇس ئەمەستۇر...» دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزلىرى پەرىدەك بىر چوكان تۇرۇپ، مۇشۇنداق ناباب ئادەمگە بەتلىرى قانداق كۆتۈرىدۇ؟

— سەپەرجان: «نىكاھدىن كېيىنلا ئاجرىشىپ كەتسەڭلار بولىدۇ» دەپ تاپىلىغان، — دېدى شەرىپەم قارىيدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ.

— مەن ئۆزلىرىگە بىر ياخشىلىق قىلايكى شەرىپخان، — دەپ شەرىپەمگە يېقىن سۈرۈلدى قارىي، — «قول سۇنسا يەڭ

ئىچىدە ، باش يېرىلسا تۇماق ئىچىدە » بولسۇن ، ساۋاب ئۆزلىرىگە ، گۇناھ ماڭا بولسىمۇ مەيلى ، مەندەك خۇداگۇي ئەھلى ئىلمى ئادەمگە نىكاھ چۈشسە ياخشى بولارمىكىن ؟

— ئۇنداق قىلىشقا ئىجازەت ئالمىغانمەن .

— كىمدىن ؟

— بالىلىرىمنىڭ دادىسىدىن .

— بەللى - بەللى ، — دېدى قارىي كۆك ، چېقىر كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ، — شەرىئەتكە يەنە بىر مۇخالىپ گەپ بولدى ، ئاراڭلاردا نىكاھ بولمىغان ئەھۋالدا « دادىسى » دېگەنلىك يارىمايدۇ خېنىم . ئۆزلىرى پاك تۇرۇپ ، « دادىسى » دېگەن گەپنى قىلىسىلا ئىككىنچى قېتىملىق نىكاھ قوشۇلغۇچە گۇناھ بولىدۇ ، — مولا روزى قارىيىنىڭ تۇرلۇك - تۈمەن پەتىۋالىرى ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى پەش قىلىپ قورقۇتۇشلىرى ئالدىدا قەلبى پاك شەرىپەم ئاجىز كەلدى ...

قارىي « توختى دەلدۈش » نى ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن ، ئۆز تالىپلىرىدىن بىرىنىڭ نىكاھ ئوقۇپ قويۇشى بىلەن شەرىپەمنى ئەمرىگە ئالدى . ئۇ ھېلىقى تالىپنى ئۇزىتىپ قويۇپ ، ئىشىكنى زەنجىرلاپ قايتىپ كىرگەندە ، ئۆزىنىڭ تۇزاققا چۈشكەنلىكىنى بىلمىگەن بۇ ئاق كۆڭۈل ئايال :

— ئاخۇنۇم ، خېتىمنى بېرۋەتسىلە ، — دېدى .

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق ... ھېچ بولمىغاندا ، بىر ئاخشام نىكاھ قوشۇلمىسا پەرھىز ئادا بولماس خېنىم ... شەرىئەتنى بەجا كەلتۈرمىسەك ، ئاللا ئالدىدا مەن گۇناھكار بولىمەن ، — دېدى قارىي ئۆزىگە ياراشماس خۇلق بىلەن .

— ئىمام ئاخۇنۇم ، ئىنساپ قىلسىلا ، مەن سەپەرجانغا

چىقىشقىنىدىن بۇيان ، ئۆزۈمگە ئەركەك چىۋىنىنىمۇ قوندۇرمىغان ... — دېدى شەرىپەم يالۋۇرۇپ .

— ھە ، مۇنداق دېسىلە ، شەرىپىگۈل ... — دەپ ھىجايدى موللا روزى قارىي ، — بۇ دېگەنلىرىمۇ توغرا ، راستتىنلا پاك مەزلۇم ئىكەنلا . بولمىسا ماڭا نىكاھلانمايلا سەپەرجان بىلەن بىللە ئۆتۈپ ، گۇناھ ئۈستىگە گۇناھقا پاتاتتىلە ... « ئۈچ تالاق » قىلىنغان مەزلۇم ئىككىنچى بىر ئەرگە نىكاھلىنىپ تېنى ئۇنىڭ تېنىگە قوشۇلماي تۇرۇپ نىكاھتىن ئاجراشسا ئاللانى ئالدىغان بولىدۇ . ھازىر ئىككىمىز نىكاھلىنىپ ئاللانىڭ ئالدىدا ھالال جۈپ بولدۇق . تېنىمىزنى شۇنداق جۈپلىۋېتىپلا « ئۈچ تالاق » دېسەملا نىكاھىمدىن چىقىلا . سىلىمۇ ، مەنمۇ ئاللانى ئالداشتەك گۇناھى كەبىردىن خالى بولىمىز . ئاندىن ، سەپەرجانغا نىكاھلاپ قويسام ...

— سەپەرجانغا ئۇنداق دېمەيتىكەنلىغۇ ئاخۇنۇم ، — دېدى شەرىپىگۈل ئېسىنى يىغىپ .

— ئۇنداق دېگىنىم بىلەن ، مۇشۇنداق ئىش بولىدىغانلىقتىن بىشارەت بەرگەن . ئۇمۇ رازى بولغان ، — دەپ ھىجايدى موللا روزى قارىي ، — رازى بولمىسا ئۆزلىرىنى قېشىمغا ئەۋەتمەيتتى . سىلىمۇ ئۆز رازىلىقلىرى بىلەن ئەمرىمگە ئۆتتىلە . ئەمدى شۇنداقلا بىر قېتىم ...

قارىي پىچىرلاپ كۈلگىنىچە شەرىپىگۈلگە ئاچ بۆرىدەك تاشلاندى . شەرىپىگۈل « ۋايجان ! » دەپ چىرقىرىغىنىچە ئۆزىنى تاشقىرىغا ئاتتى . ھودۇقۇپ كەتكەن قارىي پەگاھدىكى كالىچىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ ، تۇمشۇقى بوسۇغىغا تېگىپ قانغا بويالدى ... يېزىدىن كېلىپلا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قۇشناچىم قارىينىڭ بويىنىدا ئىلەنگۈچ ئۇچۇپ « موللا » بولغىنىغا تويغۇزدى . بۇ

قىلمىشتىن خەۋەر تاپقان كاتتا ئۆلىما ئابدۇلمۇزەپپەر دۆڭ مازارغا كېلىپ، ئەھلى جامائەت ئالدىدا غەزەپ بىلەن:

— دىنىي ئىسلامنىڭ كۆشەندىسى موللا روزىنىڭ قىلمىشى كامىل مۇسۇلمان ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. نا ئىنساپ ئەھلى مۇناپىق ئىماملىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى، — دەپ جاكارلىدى.

. .

بىراق، سەپەرجان بىلەن شەرىپگۈل تېخىچە ئېنىق قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى...

1987 - يىل 1 - ئاي، ئۈچتۇرپان.

# ئىنتىقام

## يۇلغۇن تاياق

— ئۇ ئىشلار ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا ئەينەن تۇرىدۇ، — دەپ باشلىدى پىشقەدەم جەڭچى سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى، — تېخى گۆدەك چاغلىرىم ئىدى، كۆپ بولغاندا 13 ياشقا كىرگەن بولسام كېرەك، « ئاق - قارىنى تۈزۈك پەرق ئېتەلمەيتتىم » دېسەممۇ ئارتۇق كەتمەس. ئەنە شۇ كۈنلەردە بىلگۈدەك بولسام دادام موللا كىشى ئىكەن، بىزنىڭ يېزىمىزنى « قىزىلتۇر » دەپ ئاتايدىكەن. قىزىلتۇر يېزىسىدا ئەپچىللىكىنە بىر مەسچىت بولۇپ، دادام شۇ مەسچىتنىڭ ئىمامەتچىلىكىنى قىلغاچقا كىشىلەر دادامنى « ئەيسا ئىمام » — دەپ ھۆرمەتلىشىدىكەن. دېمىسىمۇ دادام مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە ئەينى ۋاقىتتا دادام يۇرتىمىزنىڭ پەخرى، مەرىپەتپەرۋەر شائىر نىمشېھىد ئارمىيە ئېلى داموللام بىلەن قەشقەر خانلىق مەدرىستە بىرگە ئوقۇغان ئىكەن. نېمە ئۈچۈندۇر، دادام ئويچان، كەم سۆز، ئاسانلىقچە كۈلۈپ باقمايدىغان. زاماندىش ئىمام، قازى ۋە مۇپتىلارغا زادىلا ئوخشىمايدىغان، مۇدھىش پەلەككە دەرغەزەپ بولۇپ، زامانغا يات غەيرىي ئىدىيىدە ياشايدىغان ئادەم ئىدى...

— قانداقچە ئوخشىمايدۇ دەيلا؟ بۇ گەپلىرىنى يەنە بىر دېسىلە، — دېدىمەن ئۇنىڭ تېخى ئاخىرلاشمىغان گېپىگە قوشۇق

سىلىپ، سوئال سورىغۇم كېلىپ.

— قانداق دەيسىز؟ — سورىدى جەڭچى قىزىقسىنىپ.

— ھېچقانداق، بىلىشىمچە دىندارلىرىمىز ئىچىدىن چىققان ئىمام، قازى، مۇپتىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارغا كەڭ داستىخاندا بورداق قوينىڭ گۆشى، لىغىرلاپ تۇرغان پوشكال، ئىسقات - سالات، ئوخشىغان قىزا بىلەن قىمىز... بولسىلا باشقا ئىشلار بىلەن كارى بولمايتتى - يۇ، دادىلىرىغا ھەيران بولۇۋاتىمەن، — دېدىم كۆزىگە قاراپ پىسەڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ.

— ھە، ھە، گەپ قىلىڭ، — دەپ كۈلۈپ كەتتى جەڭچى، — ئۇلار ئازادلىق، دىيار، خەلق، ئىنقىلاب، كۈرەش دېگەن گەپلەرنى خالىمايدۇ ياكى ئۇنداق ئىشلارغا تەتۈر قارايدۇ، ئۇلاردا ۋىجدان يوق دېمەكچىمۇ؟

— شۇنداق.

— بۇ دېگەنلىرىڭىزمۇ راستتۇ، — دەپ يەنە سۆزگە كىرىشتى جەڭچى، — لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمىسا كېرەك. بولدىلا، ئۇ ئەرزىمەس ئىشلارغا ۋاقىت ئىسراپ قىلماي، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، دادام ئۇنداق پوشكالچى، ھەسەتخور، تەمەخور لالما ئىماملاردىن ئەمەس، بەلكى كۈرەشچان، ۋەتەنپەرۋەر شۇنداقلا زامان ۋە ۋەزىيەتكە ماس كۈن ئىلىشنى بىلەلەيدىغان چېچەن ئادەم ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، دادام جۈمە كۈنى قۇتبىغا چىققاندا، دىنىي تەلىملەرگە قوشۇپ پاكىزلىككە ئەمەل قىلىش، كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىش... ھەققىدىمۇ سۆزلەيتتى ھەمدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەلگە كەلتۈرۈۋاتقان مالامەتلىرىنى جامائەتنىڭ

سەمىگە سىلىپمۇ قوياتتى. ئەل ـ جامائەت گاھىدا ياخشى كۆڭلى بىلەن ئىلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى، «ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر» تىگىل بولدى دەپلا يېزىمىزدىكى يوقسۇللارغا كۆتۈرتۈپ قويغانلىرى ئېسىمدە. 1942 ـ يىلى بولسا كېرەك، مەن ئۆيىمىزدىن تەخمىنەن بەش كىلومېتر يىراقلىقتىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ سىنىپىدا ئوقۇيتتىم. ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇشتۇمتۇت ساقسىز بولۇپ قېلىپ مەكتەپكە ئىككى كۈن بارالماي 3 ـ كۈنى ئەتىگەندە باردىم. مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار تولۇق ئوقۇتقۇچىلارمۇ تۈزۈك كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، دەرس ئوقۇتقۇچىمىز مۇھەممەت ئىمىن مۇئەللىم مەكتەپ سەيناسىدا ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قىلغىنىچە ئۇياندىن ـ بۇيانغا مېڭىپ يۈرگەن ئىكەن. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىشىمگىلا ئۇ مېنى كۆرۈپ قالدى ـ دە:

— ھەي يۇندىپۇرۇش، بېرى كەل، — دەپ چاقىردى خۇددى ئۇزۇنچاق لازا يېيىۋالغان تازدەك قاپاقلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ئىككى كۈندىن بېرى نەگە يوقالدىڭ، نېمە ئۈچۈن كەلمەيسەن، ئاناڭنىڭ ئۇماچ قازىنىنى يالىدىڭمۇ ياكى ئاشپۇزۇلدا يۇندىپۇرۇشلۇق قىلىپ ئوچۇققا ئوت قالىدىڭمۇ؟ دېگەنچىلا مەندىن جاۋابمۇ كۈتمەي مېنى دۇمبالاپ كەتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن مېنى كاچاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «ھۇ ئالانىيەت ئوغرىلارنىڭ پۇشتى» دېگەنگە ئوخشاش ھاقارەتلىك گەپلەر بىلەن تىل سالاتتى.

مەن زوۋان سۈرەلمىدىم، ئىغىز ـ بۇرنۇمدىن قان ئېقىۋاتقاچقا گەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ ئەسنادا مەكتەپكە بىر ـ بىرلەپ كېلىۋاتقان باللار ئەتراپىمغا ئولاشتى. مەمتىمىن ئەپەندى باشقا باللارنى ئەپسانە گەپلەر بىلەن تىللاپ

ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن ماڭا يەنە پەشۋا ئاتقىلى تۇردى. دەل شۇ مىنۇتتا مەن «خۇدا، بىرەر مۇئەللىم كېلىپ ئاجرىتىپ ئالسىدى» دەپ تىلىگەن بولسامۇ، ھېچبىر ئوقۇتقۇچىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. سىنىپ مۇدىرىم كەپ قالسىمۇ كاشكى. بىراق باشقا بىرەر ئوقۇتقۇچى كېلىپ قالغىنى بىلەن مەمتىمىن مۇئەللىمگە جەنبە كېلەلىشى ناتايىن ئىدى. باش - كۆزلىرىم كاچات، گەجگە - بەللىرىم پەشۋا زەربىسىدىن ئاغرىماقتا ئىدى. مەمتىمىن زالىمنىڭ قول - پۇتى ئاغرىغان بولسا كېرەك، ئاخىر ئۇ قوي قوتىنى ئۈستىدىكى چەللىدىن چوڭ ئادەمنىڭ باش بارمىقى تومۇقىدا بىر غۇلاچ كەلگۈدەك يۇلغۇن تايىقىدىن بىر تال سۇغۇرۇپ ئالدى - دە ساۋىداپ كەتتى. مەن تولىمۇ ئازابلىق ئىڭراپ يەر قاساشقا باشلىدىم. نېرىراقتا قاراپ تۇرغان باللارمۇ چىداپ تۇرالماي بارماقلىرىنى چىشلىشىپ كېتىپ قېلىشتى. بۇ 5 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولغاچقا كۆڭلەكچان ئىدىم، ئاق ماتا كۆڭلىكىم قىپقىزىل قانغا بويىلىپ، بەدىنىم تىتىلىپ كەتكەن ئىدى. يۇلغۇن تاياقمۇ پارە - پارە بولۇپ كەتتى، زالىمنىڭ مادارىمۇ تۈگەپ ھالىدىن كەتكەندەك قىلاتتى. بىر ھازادىن كېيىن ھوشۇمنى يىغسام، قوي قوتىنىدا يېتىپتىمەن. ۋاقىت كەچ پېشىمگە تەۋە بولغاندەك قىلاتتى. مىدىرلىغۇدەك ماجالىم يوق ئىدى. قۇلىقىمغا، «قېچىپ كەتمە جۇمۇ؟» دېگەن ۋەھشىي ئاۋاز زەئىپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەپتەر، قېرىنداش ۋە چۇشلۇكۇمگە ئېلىپ كەلگەن نانلىرىمنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ ئازابلىماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا قۇلىقىمغا يىراقتىن كېلىۋاتقان مارش ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئاجايىپ چىرايلىق گۈللىگەن ماكان ،
جانىمىز ، نىشانىمىز بۇ ئۇلۇغ شىنجاڭ .

بۇنىڭدىن مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە قايتىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدىم. مەن بىر كېچە - كۈندۈزنى ئەنە شۇ قوي قوتىنىدا ئۆتكۈزدۈم. باش توخۇ چىللىغاندا ئورنۇمدىن تۇرۇپ قوتاندىن چىققانچە ئۆملەپ دېگۈدەك يول يۈرۈپ ، تىزلىرىمنى يېغىر قىلىپ ئاش ۋاقتى بىلەن ئۆيگە ئارانلا يېتىپ كەلدىم - دە ، سۇپىغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەكتەپكە بارىدىغان يولۇمغا كۆك يانتاق ئۈندى. « ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك » دېگەندەك ، مەن تېخى تاياقنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالماي تۇرسام ، بايىقى قانخور مەتىمىن دادامنى چاقىرتىپ بېرىپ سوراققا تارتىپ :

— سەن بالاڭنى مەكتەپكە ئەۋەتمەي ئۆزۈڭگە ئوخشاش هۆكۈمەتكە قارشى ئىسيانكار ، تۇزكور قىلماقچىمۇ ؟ — دەپتۇ .

— بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇزىنى يەۋاتىمىز ئەپەندىم . هېچ كىشى بىزگە تۇز توشۇپ بەرگىنى يوقتۇ ، بۇ زادى قانداق گەپ ؟ — دەپتۇ دادام زەردە بىلەن .

— هۆكۈمەت ئاتىمىزغا ، جاڭ ۋېييۈەنجاڭ جانابلىرىنىڭ سىياسىتىگە مۇخالىپ گەپ قىلدىڭ .

— گەپ ئۇ يەرگە يەتمىدىغۇ ؟

— هوشۇڭنى تاپ ، مەن ئېيتايكى : كىيگەن كىيىم ، يېگەن ئاش - نانىڭنىڭ هەممىسى جاڭ ۋېييۈەنجاڭ جانابلىرىدىن كەلگەن .

— ئەپەندىم ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق بولغاندۇ بەلكىم ، — دەپتۇ دادام غەزىپىنى باسالماي ، — لېكىن بىز كىيگەن كىيىم - كېچەك ، ئاش - نانلار ئۆزىمىزنىڭ ئېتىزلىقىدىن چىقىۋاتىدۇ . مانا

ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىباشلىرىدىمۇ قارا چەكمەن ، شىم - پەشمەت تۇرۇپتۇ . « بەگ غوجام ئوڭدا يېتىپ بۇغداي يېدى ، شا - كىچىك بۇغداي تېرىپ دۇمبا يېدى » دېگەندەك ، بۇغداينى هۆكۈمەتكە بېرىپ ، ئۆزىمىز زاغرا نانىنىمۇ تويغۇدەك يېيەلمەيۋاتىمىز . بىزگە تۇز بېرىپ باقىدىغان هەر قايسىلىرىدەك خوجايىنلار باشقىلارغا قول ئۇزاتمايلا ئۆزۈڭلارنى بېقىۋالساڭلار بولمامدۇ ؟

— بىز كىملەرگە قول سوزۇپتۇق ؟

— تاڭەي مەن دېگەن بىر ئاددىي پۇقرا . ئۇنداق ئىشلارنى ئۆزلىرىدەك سۇ ئىچكەندە ئېرىق چاپقانلارنى ئەسلىمەيدىغان ، ياتلارنى دەپ ئۆز ئانىسىغا كاچات سالىدىغان ئەپەندىلەر بىلمىسە ...

— هەي قاقباش پوشكالچى ئوغرى ، مەن نەدە كىشىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئانامنى ئۇردۇم ؟ موللا دېگەن سەندەك يالغانچى بولامدۇ ؟ — دەپ ، دادامنىڭ گېلىدىن بوغۇپ سىلكىشلەپتۇ . بۇ جاۋابقا كۆلگىسى قىستاپ كەتكەن « جاۋابكار » سوراقچىنىڭ قولىدىن ئاجرىماي تۇرۇپلا :

— مانا هازىرلا كۆردۈم ، — دەپتۇ .

— سەن مېنىڭ ئانامنىڭ ؟ هۇ ئالجىغان ئوغرى ، يوقال كۆزۈمدىن ، — تېرىقتەك چېچىلدى مەتىمىن ، — ئەگەر هوشۇڭنى تاپمىساڭ ئۆزۈڭنى يامۇل هەپسىسىدە كۆرۈپ قالىسەن ...

— هە ... كېيىنكىلەر مەكتەپ ئىشخانىلىرىنى خالىغانچە سوراقخانا هەتتا تۈرمىگە ئۆزگەرتىۋېلىشنى گومىنداڭچىلاردىن مىراس ئالغان ئىكەن - دە ؟ — دېدىممەن گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزۈمنى باسالماي .

— «زور ئىنقىلاب» ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دەۋرىنى دېمەكچىمۇ؟ — سورىدى جەڭچى ۋە مەن باش لىڭشىتىپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېلىپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى، — دادام ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى بىزگە سۆزلەۋېتىپ، ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى - دە، يىغلاپ تۇرۇپ: «بالىلىرىم، ھەرقايسىڭلارنىڭ مەزلۇملارنى بوزەك ئەتمەي، زومىگەرلەردىن قورقماي، ئۇلار بىلەن ئۆمۈرۋايەت ئېلىشىپ، كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولۇشۇڭلارنى تىلەيمەن» دېدى. بىز تۆت ئوغۇل بولۇپ، مەن كەنجىسى ئىدىم. بىر كۈنى دادام بىز تۆتىمىزنى ئالدىغا قاتار ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئوغۇللىرىم، بىز زامانىنىڭ مۇنداق زورلۇقلىرىنى يەنە كۆتۈرۈۋەرمەيمىز، سىلەرمۇ چوڭ بولۇۋاتىسىلەر، دوپپاڭلارنى ئالدىڭلارغا ئېلىپ قويۇپ ئوبدان ئويلاپ كۆرۈڭلار. بىز نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدۇق. مەن ھاياتلا بولسام مەتىمىن ھەم ئۇنىڭغا يۇلغۇن تايىقى تۇتقۇزغان خوجايىنلىرى بىلەن بىر قېتىم ھېسابلاشماي قويمايمەن. بۇ ئىشقا ئاخىر ئاشۇ يۇلغۇن تاياق جاۋاب بېرىدۇ. ئوغۇل بالا دېگەن دىيارنىڭ بىباھا گۆھەرلىرىدۇر، ھەرقانداق بىر پەرزەنت ئۆزىنى تۇپراق ئۈستىگە مۇنار قىلىپ تىكلىشى شەرت، مەن سىلەرنى دىيارغا ئاتاپ چوڭ قىلىۋاتىمەن، بۇنىڭغا رازىدۇرسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— رازى، — دەپ توۋلىدۇق ھەممىمىز تەڭلا دادامدىن كۆز ئۈزمەي جىمجىت ئولتۇرۇپ. نېمىشقىدۇر ئانام بىزگە تىكىلگىنىچە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. ئەمدى ئويلىسام ئوغۇللىرىغا دەرسىنى دادام ئۆتسە ئانام خۇپىيانە ئىمتىھان ئالغان ئىكەن. بۇ مەيداندا دادام نېمىلەرنىدۇ ئويلىۋالغاندىن كېيىن، «ئورنىڭلاردىن

تۇرۇڭلار » ــ دەپ كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈردى ـ دە ، ئۆزىمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ گەپ باشلىدى :

ــ ئۇلۇغ خۇدا بۇ مەسۇم ، پاك ئوغۇللىرىمغا ئىنساپ ـ تەۋپىق ، يوقسۇللارغا مېھىر ـ شەپقەت ، دىيار ۋە ئەل دۈشمەنلىرىگە قارشى غەزەپ ـ نەپرەت ، كۈچ ـ غەيرەت ، بۈيۈك شىجائەت ئاتا قىلغايسەن ، دىيار ئۈستىگە قونۇۋالغان ھۇقۇشلارنىڭ زاۋالىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلغايسەن ، ئامىن ! ... ئوغۇللىرىم مەن سىلەرنىڭ بارلىقىڭلارنى دىيار ۋە ئەلگە ئاتىۋەتتىم .

ــ ھەي بالىلىق ، ھەي قىرانلىق ، ــ دېدى جەڭ ئۇستازى كۈلۈپ تۇرۇپ ، ــ دادامنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى چۈشەنمەي « دادا مەن كېيىنكى گەپىڭىز تەكتىگە يېتەلمەيۋاتىمەن » دېگىنىم يادىمدا .

بۇنىڭ بىلەن دادام يەنە ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى :

ــ بىزدە بىر ئوغۇل تۇپراق ئۈستىگە چۈشكەن ئىكەن ، « قېنىمنى سۈ ، گۆشۈمنى توپا ، ئۇستىخانلىرىمنى تاش ياكى خىش قىلىپ دىيارغا مۇنار بولىمەن دېگەن ئىرادىگە كېلىش كېرەك » دېگەن گەپ بار .

بىز مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ تەھدىتىدىن قورقۇپ يەنىلا دادامنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنۈپ ، چوڭ ئاكام ، مەھەللىمىزدىن نۇر ئايۇپ قاتارلىق ياشلار يۇرتنى تاشلاپ قېچىپ كەتتۇق . شايارغا بېرىپ بايلارغا چاكار بولۇپ كەچكۈزگىچە ئىشلىدۇق . شاياردا تاپقان پۇل بىز بىلەن بايغا كەلمەي جايىدىلا قالدى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ دەپ ئويلاپ يۈرسەم دادام مېنى تۆمۈرچىلىككە شاگىرت بەردى . باشقا يارەنلەر : بالا كىچىك ،

جىنى قاقشىماي جان ھاققۇدەك يەڭگىل ھۈنەر ياخشى ئىدى ، دېسە ، دادام : « ياق ، ئوغۇل بالا دېگەن چىداملىق ھەم يارامىلىق ئادەم بولۇشى كېرەك . بىزدەك يوقسۇللارنىڭ پۇشتى بالدۇر كارغا كېلىدىغان يارامىلىق يىگىت بولۇش شەرت » دەپ ئەل ـ بۇرادەرلىرىمىزنى قايىل قىلغان ئىدى . مەن ئاخىر دادامدىن دەرس ئېلىپ ، ئۇستامدىن ھۈنەر ئۆگىنىشكە باشلىدىم .

## قىزىل دەرياسى بويىدا

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى . 15 ياشقا كىردىم ، ئۇستامغا يارىغۇدەك بازغانمۇ ئۇرالايدىغان ، ئانچە ـ مۇنچە ئىشلارنىمۇ قىلالايدىغان بولۇپ قالدىم . شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادام بازاردىن تولىمۇ خۇشال ، روھلۇق قايتىپ ، بىزگە خۇش خەۋەر يەتكۈزدى . شۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق ئىدى ، ئۈنىڭ ئۈستىگە ئايدىڭ ئايدىڭ كېچە . ھەتتاكى قەغەز بېشىدىكى خەتلەرنى ئوقۇغىلى ، ئاينىڭ يۈزىدىكى داغلارنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى . ئاي ئەتراپىدا پىلدىرلاپ يۈرگەن يۇلتۇزلاردىن بۆلەك ئاسماندا قارا بۇلۇتتىن ئەسەر يوق ئىدى . ئەل ئائىلە جىمىقتى ، دادام خۇپتەندىن قايتىپ كېلىپ بىز ھەممىمىزنى ئەتراپىقا چاقىرتۋالدى ـ دە :

ـــ باللىرىم ، بۈگۈن قىزىلدا جەڭ باشلاندى ، مانا ئەمدى يۇلغۇن تايىقىدىن قىساس ئالىدىغان پەيت كەلدى ، مەن سەل ـ پەل ياشىنىپ قالدىم . لېكىن 30 ـــ 40 ياشلىق ئارسلان يىگىتنىڭ غەيرىتى بىلەن ياشاۋاتىمەن . تۆت ئوغلۇم تۇرۇقلۇق ئازادلىق يولىدا پارتلىغان جەڭگە بىرەرسىنى قاتناشتۇرمىسام خالايىق ئېچىدىمۇ يۈزۈمنى كۆتۈرەلمەيمەن ، خاتىرجەممۇ بولالمايمەن ،

قىنى ، جەڭگە قايسىڭلار بارسىلەر ؟ قول كۆتۈرۈڭلار ، — دېدى .

— مەن - مەن ، ... — دېيىشىپ ھەممىمىز تەڭلا قول كۆتۈردۇق ، ھەم ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق . دادام كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ بىزگە دۇئا قىلدى . لېكىن قايسىمىزغا رۇخسەت قىلىدىغىنىنى ئوچۇقلاشتۇرمايلا :

— قەغەز ، — دېدى ئانامغا قاراپ ۋە ئۆزى بېرىپ ئويۇقتىن قومۇش قەلەم بىلەن قاشتېشى دۇۋەتنى ئېلىپ ، خوتەن قەغىزىدىن سەرەڭگە قېپى چوڭلۇقىدا تۆت پارچە يىرتىۋېلىپ ، قەغەزلەرنى تېزى ئۈستىگە قويۇپ بىر نېمىلەرنى جىجىلاپ بولۇپ ، ھەر بىرىنى ئايرىم - ئايرىم پۈكلەپ ئوڭ قولى ئالقىنىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ، — چەك تاشلايمەن ، قايسىڭلارنىڭ پېشانىسى ئوچۇق ، تەلەيلىك بولساڭلار شۇنىڭغا مۇبارەك ھەم ئاق يول بولسۇن ، لېكىن ، بۇ ۋاقىتلىق ئەھۋال . ئەگەر بۇگۈنكى ئىشىمىزغا ئىش ، غەيرىتىمىزگە غەيرەت ، غەزىپىمىزگە غەزەپ قوشۇلۇپ ، مۇزات دەرياسى نەرە تارتىدىغان بولسا ئائىلىدىكى بەش ئەركەكنىڭ ھەممىمىز ھەتتا ئاناڭلاردىن تارتىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىمىز . قولۇمدىكى چەكنى بىردىن ئېلىڭلار .

مەن « ھەي خۇدا ، ئاكامغا بىر چىقىپ قالسا ئىككىمىز بىرگىلا كەتسەك » دەپ ئويلىغان ئىدىم . چەك ماڭا چىقىپ قالماسمۇ . ئۆيدىكىلەر مېنى مۇبارەكلەشتى . دادام مېنى ئەتە ئەتىگەندىلا قىزىلغا ئېلىپ بېرىپ پارتىزانلارغا قوشۇپ قويۇشقا ۋەدە قىلدى . ئانام خۇشاللىق ۋە جۇدالىق ياشلىرىنى تۆكۈپ ، ئۆز ئوغلىنى ئەركىنلىك يولىدىكى جەڭ مەيدانىغا ئۇزىتىشقا كىرىشىپ كەتتى .

1945 - يىل ماي ئېيىنىڭ مەلۇم بىر يەكشەنبە كۈنى

قىزىلنىڭ بازىرىدا ئۇشتۇمتۇت بىر ۋەقە يۈز بەردى . بۇ كۈنلەردە گومىنداڭ چېرىكلىرى ۋەھشىيلىشىپ ، بىچارە پۇقرالارغا ھەر تەرەپتىن زۇلۇم قىلىپ تۆمۈر تىرنىقىنى ئەل قېنى بىلەن بوياۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە 1944 - يىل 11 - نويابىردىن باشلاپ ئىلىدا كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئىنقىلاب بۇ ئالۋاستىلارنى تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى . « قورققانغا قوش كۆرۈنەر » دېگەندەك ، ئۇلار تىنچ ئەلدىن ئەنسىرەپ ، يەرلىك ئىتلارنى كۆپلەپ ئىشقا سېلىپ تېخىمۇ بەتتەر ئېزىشكە باشلىدى . ئەسلىدە ئاشۇ كۈنلەردە ئىلى دەرياسىنىڭ « كۆرەشكە ! » — دەپ تارتقان نەرە ساداسىدىن مۇزات دەرياسى ۋادىلىرىمۇ ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان بولۇپ ، بۇ يەردىكى ھەققانىيەتچى پالۋانلار دۈشمەن كۆكسىگە نەيزە ئۇرۇشقا تەييارلانماقتا ئىدى . قىزىلدا ، مەن ، نىزامىدىن قارىي ، ئابدۇراخمان ھاپىز قاتارلىق ياشلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇپ ، ئىلى ئازادلىق ئىنقىلابىنى قوللاش يۈزىسىدىن يەر ئاستى تەشكىلاتى قۇرغان ئىدۇق . بۇ تەشكىلات 1945 - يىلنىڭ بېشىدىلا قۇرۇلغان بولۇپ ، ئەزالىرىمىز ئارانلا 20 گە يەتكەن ئىدى . تەشكىلاتنىڭ رەھبىرى نىزامىدىن قارىي ئىدى . ئەسلىدە بىزنىڭ كۆتۈرۈلۈش پىلانىمىز ئاشۇ بازار كۈنى ئەمەس ئىدى . چۈنكى ، بۇ كۈنلەردە بىزنىڭ قولىمىزدا بىرەر تال كۆسەي مىلتىق ياكى ئوقمۇ يوق ئىدى . مەن تۆمۈر چىلىك قىلىش جەريانىدا ئۇستامنىڭ ياردىمى بىلەن 13 دانە نەيزە ، 7 دانە قىلىچ سوقۇپ تەييارلىغان ئىدىم . مىڭ ئەپسۇس ، ئۆز ئىچىمىزدە شەيتانلىق قىلىۋاتقان بىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەي يۈرگەن ئىكەنمىز . بىز تەييارلىغان قوراللارنى قىزىل بازىرىنىڭ چېكىنىسىدىكى بىر دەڭدە قىغقا كۆمۈپ ساقلاۋاتقان ئىدۇق .

بىزنىڭ بۇ مەخپىيەتلىكىمىز قىزىل پەيچۇسونىڭ سوجاڭى لى داشىڭغا ئاڭلانغان بولغاچقا، شۇ بازار كۈنىلا ئۇ بىزنى تۇتۇپ ئۇجۇقتۇرماقنى نىيەت قىلىپ، يەرلىك جاسۇسلىرىنى بازارنى پايلاشقا چىقىرىپ، ئۆزى 30 ئاتلىق چېرىكلىرىنى تەقلەپ تۇرغان ئىكەن. چىڭقى چۈش مەزگىلى، بازاردا ئادەم مىغ - مىغ بولۇپ كەتكەن. نىزامىدىن قارىي بىلەن ئابدۇراخمان ھاپىز بازار ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇلارنى كۆرگەن جاسۇسلار لى داشىڭغا دەرھال مەلۇم قىلدى: لى داشىڭ چېرىكلىرىنىڭ بازارغا چىقىشى، نىزامىدىن قارىينىڭ قىزىل دەرياسى كۆۋرۈكىدىن پەيچۇسو تەرەپكە ئۆتۈشى تەڭ كېلىپ قالدى - دە، گومىنداڭ چېرىكلىرى ئۇنى شۇ يەردىلا تۇتۇپ بوينىغا سىرتماق سېلىپ ئاتقا سۆرەتكىنىچە ئېلىپ ماڭدى. بۇ ياۋۇزلار نىزامىدىن قارىينى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ، باي خەلقىگە ھەيۋە كۆرسىتىپ ئۇلارنى باستۇرماقچى ئىدى. بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە دۈچ كەلگەن ئابدۇراخمان مەخپىيەتلىكىنىڭ ئاشكارىلىنىپ، ۋەزىيەتنىڭ «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» گىردابىغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى مۆلچەرلەپ پەيتنى قولدىن بەرمىدى، دەرھاللا دەريا كۆۋرۈكىنىڭ شادىسىغا چىقىپ، ئالدى بىلەن تەكبىر ئېيتىپ، خالايىقنى كۆۋرۈك ئۈستىگە توپلاپ سۆز ئالدى:

— بوسۇنچاق بولۇپ خارلىنىۋاتقان خالايىق، دۈشمەنگە دەپسەندە بولمايمىز دېسەڭلار جەڭگە ئاتلىنىڭلار! بىزنىڭ ئاخىرقى نەقدىرىمىزنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ھۇر - را...! ئابدۇراخمان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن يارەنلەر نىزامىدىن قارىي تۇتۇپ كېتىلگەن تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ، ئاتلىق چېرىكلەرگە يېتىشىۋېلىپ چېرىكلەر بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. نىزامىدىن قارىي ئاللىقاچان دۈشمەن قولىدا قەتلە قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جەسىتى ھايال

ئۆتمەي دۈشمەن قولىدىن تارتىۋېلىندۇ. جەڭ بىر يېرىم سائەت داۋام قىلىندۇ. نىزامىدىن قارىي بىلەن قوشقاندا بىز تەرەپتىن سەككىز باتۇر، دۈشمەننىڭ يەتتە ئادىمى جەھەننەمگە سەپەر قىلىدۇ. نەتىجىدە قىزىل گومىنداڭچىلار قولىدىن ئازاد قىلىنىدۇ. لى داشىڭ پەيچۇسونى تاشلاپ كۇچاغا تىكىۋېتىدۇ.

دادام مۇشۇ ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىزگە سۆزلەپ بېرىپ ئىلھاملاندۇرغان ئىكەن. مەن ئاشۇ كۈنى زىيادە خۇشال بولۇپ تېرەمگە سىغماي قالدىم. ئۇ كېچىسى دادام ئىككىمىز ئۆگزىدە ياتقان ئىدۇق. دادام خىيالغا چۆمدىمۇ ياكى ئۇخلاپ كەتتىمۇ بىلمەي قاپتىمەن. كۆزۈمگە ئۇيقۇ كېلەمدىغان، ۋۇجۇدۇمنى خىيال چىرمىۋالدى. بىر كەمدە خورازلارنىڭ چىللاشلىرى قۇلىقىمغا كىرگەندىلا تۈننىڭ تاڭغا ئۇلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئاغرىپ كەتكەن يېنىمنى يۆتكەپ، ئويۇق ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋاتقان ئايغا قاراپ ياتقىنىمدا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا ئاۋازى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان ئىدى.

ئاسماندىكى بىر يۇلتۇز،
ئاينىڭ گۈلى مەن دەيدۇ.
ئون بەش ياشتا بىر قىزچاق،
ئاشنا بولىمەن دەيدۇ.

بۇ ناخشىنى ئىچىمدە بىر تەكرارلىدىم.

ۋەدە بويىچە دادام مېنى باشلاپ قىزىلغا قاراپ يولغا چىقتى. مەن يارەنلىرىمنى ياد ئەتكىنىمدە بازار كۈنكى ئىشتا يوق بولغانلىقىمنى نېمدەپ چۈشەندۈرۈشۈمنى ئۇقالماي كېتىپ باراتتىم. بىز قىزىل بازىرىغا كەلسەك كالتەك، چوماق، پىچاق،

قىڭىراق ، قىلىنچ ، مىلتىق ، ئوۋ مىلتىقى ، ھەتتا قەدىمكى زامانغا مەنسۇپ بولغان ساداق ۋە ئوقيا كۆتۈرگەن كىشىلەر توپى تۇشمۇ تۇشتا ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىشىۋاتقان ئىكەن . گومىنداڭنىڭ پەيچۈسوسى بىزنىڭ باش شتاب ئىشخانىمىز بولۇپ قاپتۇ . دادام مېنى باش شتابقا باشلاپ كىرگەندە ئابدۇراخمان تۇنۇگۇنكى ئەھۋالنى تۇشلاپلا دوكلات قىلىپ دادامنى ھەيران قالدۇردى . دادام كۆڭلىدە : « بۇ ئوغلۇمنى ئازادلىق يولىدىكى جەڭگە نەۋكەر قىلىپ تۇتتۇم » دېمەكچى ئىدى - يۇ ، ئۆز ئوغلىنىڭ ئۇ جەڭگە ئاللىقاچان قاتنىشىپ بولغانلىقىنى بىلگەندە تولىمۇ ھەيران بولۇپ مېنى باغرىغا بېسىپ مەڭزىمگە سۆيۈپلا كەتتى .

باش شتابتىكى بىر گۇرۇپپا لەشكەرلەرنىڭ رويخېتىنى تۈرغۇزۇۋاتقان ئىكەن ، يەنە بىر گۇرۇپپا ، چوڭ ، ئوتتۇرا ، كىچىك قىسىملارغا بۆلۈپ ، كوماندىرلار ، كومىسسارلارنى تۈرغۇزۇۋاتقان ئىكەن . دادام ماڭا يەنە :

— ھە ... مۇنداق دېگىن ئوغلۇم ، « سەۋزىدە گەپ يوق گۇرۇچ دەم يەپتۇ » دېگەندەك بولغان ئىشلاردىن داداڭ خەۋەرسىز ئىكەن . ئاپىرىن ! يارايسەن ئوغلۇم ، سەندىن ئاتاڭ ، ئاناڭ رازى ، — دەپ تېخىمۇ ئەركىلەتتى . ھېلىغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ ، شۇ ئەتىگىنى ئانام مېنى ئۇزىتىپ چىققاندا :

— جېنىم بالام ، ئەمدىلا 15 ياشقا كىردىڭ ، چوڭلارنىڭ سۆزىدىن چىقما ، دۈشمەندىن قورقما ، كۆپ بىلەن ئىناق بول ، يالغۇز قالمايسەن ، ئاق سۈتۈمگە رازىمەن ، روناق تاپقايسەن ، مېنى يەنىمۇ رازى قىلاي دېسەڭ دۈشمەنگە يۈكۈنمىگىن ، ئوق گەجگەڭدىن تەگسە ئەجرىمگە رازى ئەمەس ، دەل مۇشۇ يەردىن — دەپ مېنى باغرىغا باسقىنىچە پېشانەمگە سۆيۈپ قويۇپ ،

دادام ئىككىمىزنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتكۈچە ئارقىمىزدا تەلمۈرۈپ ئۆزىتىپ قالغان ئىدى . دادام قولۇمدىكى قورالنى كۆرۈپ ئۆز ئوغلىنىڭ رەسمىي قوراللانغان پارتىزانغا ئايلانغانلىقىغا قاراپ ئۆيگە خاتىرجەم قايتىپ كەتتى . شۇ كۈنىلا قىزىلدا ئۆزىنىڭ يارامىلىق يىگىت ۋە ئاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بىزگە تەقدىم ئەتكەنلەرنىڭ سانى مېنىڭ ھېسابىمدا 200 دىن ئېشىپ چۈشەتتى . مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئازادلىق جەڭچىلىرىنىڭ بەش يۈلتۇزلۇق بايرىقى قىزىل دەرياسى بويىدا زۇلۇمغا قارشى جەۋلان قىلىپ لەپىلدەشكە باشلىدى .

## جەننەت مېۋىسى

شۇنداق قىلىپ ئارىدىن 17 كۈن ئۆتتى . 18 - كۈنى گومىنداڭنىڭ تولۇق قوراللانغان بىر پولك قاراقچىلىرىنىڭ كۈچادىن بىزگە قارشى يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق . بىزنىڭ قوشۇنىمىز 17 كۈن ئىچىدە 2000 كىشىگە يېقىنداپ قالغان بولسىمۇ ، قوراللىرىمىز يوق دېيەرلىك ئىدى . شۇنداقتىمۇ بۇ يەرگە غەيرەت - جاسارەتلىك ، ۋىجدانلىق ، جىگەرلىك ئوغلانلار جەم بولغاچقا ، بىز جەڭگە چاقماق تېزلىكىدە تەييارلاندۇق . دۈشمەن يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە يېتىپ كەلدى . ئۇلار قىزىل بازىرى ئىچىگە كىرىپ بولغۇچە بىزنىڭ شەھەر ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يىگىتلىرىمىز دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ئۈزدى . يىراق يوللارنى پىيادە يۈرۈپ چارچىغان ئالۋاستىلار ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن ئالاقزادە بولۇپ مەجبۇرىي ھۇجۇمغا ئۆتتى ، قىزىلنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىكى تۈز سايدا جەڭ باشلاندى . بىز « ئۆلسەك

شېھىت ، تىرىك قالساق غازى » دەپ تولۇلشىپ ، بىر ـ بىرىمىزگە ئىلھام بېرىشتۇق . بۇ سۆزلۈك كۆرۈنۈش دۈشمەنگە تېخىمۇ بېسىم بولدى . ئۇلار قالايمىقان ئوق چىقىرىپ مۇداپىئەدە تۇرۇۋالدى ، كاتتىباشلىرىنىڭ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە مەجبۇرلاپ بەرگەن بۇيرۇق ساداسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرىنىڭ قىژغىل ـ تاغىل ۋارقىراشلىرىدىن ئۇلارنىڭ يۈرىكىنىڭ پوكۇلداۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى . تاڭ سۆزۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى . بىز رەسمىي تاڭ يورۇپ بولغۇچە دۈشمەننى تېخىمۇ ساراسىمىگە سالماقچى بولدۇق . بىزنىڭكىلەر ئاساسى كۈچىمىز ئورۇنلاشقان جاينى تۇيدۇرماي ، ئوڭ ـ سول تەرەپتىن « توگە مىڭىشى » دا ئوق چىقىرىشقا باشلىدى . دۈشمەن بىزنى تۈزۈك پەرق ئېتەلمەي تاڭ يورۇغۇچە نۇرغۇن ئوق دورىلىرىنى بىكارغا ئېتىپ تۈگەتتى . لېكىن ، بىز تاڭ يورۇغۇچە ئارىلىقتا 200 نەچچە تال مىلتىق ، 2 ـــ 3 مىڭ تالدەك ئوق ئولجا ئالدۇق . بىز بۇ تۈز سايدا تاڭ سەھەردىن كەچ كىرگۈچە ئۆزىمىزنى ئۇنتۇغان ھالدا جەڭ قىلدۇق . ئەسلىدە تاڭ يورۇشتىن ئاۋۋال دۈشمەن بىزنى ئىلىدىن چۈشكەن مۇنتىزىم قوشۇن دەپ قارىغان ئىكەن . تاڭ يورۇغاندىن كېيىن دۈشمەن شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى . سەل بوش تۇرساق ساي ئۈستىدە تاش يىغىش خەۋپى كۈتۈپ تۇراتتى . بىز دۈمباق ساداسى ئىچىدە ھۇررا بىلەن دەرھال ئاتلىق ھۇجۇمغا ئۆتتۇق . شۇ قېتىملىق جەڭدە ھەر ئىككى تەرەپتىن قانچىلىك ئادەم چىقىم بولغىنى ئېسىمدە يوق . قانداقلا بولمىسۇن غەنىمەت ئالغان قورال ـ ياراق خېلىلا بار ئىدى . شۇ ئارىدا دۈشمەندىن ھايات قالغانلىرى ئاتلىرىمىزنىڭ ئايىغىدا چەيلەنگەن جەسەتلىرىنى تاشلاپ چېكىنىپ ، تۈز ساينى بىزگە بېرىشكە

مەجبۇر بولدى . بىز دۈشمەننى قوغلىمىدۇق . راستىنى ئېيتقاندا قوغلىغۇدەك مادارىمىزمۇ قالمىغان ئىدى . كەچتە قارىسام بىر مەندىلا بىر دانە « جەكەس » ماركىلىق مىلتىق ، بىر دانە يان قورال ، سەككىز تال گرانات تۇرىدۇ . ئۇرۇشقا كىرىش ئالدىدا ئۇستام سوقۇپ بەرگەن بىر دانە قىلىچ ، ئۆزۈم سوقۇۋالغان بىر دانە نەيزە يەنىلا يېنىمدا ئىدى . يۈرىكىمدە بولسا دادام ئۆگىتىپ قويغان:

مۇقەددەس ئەزىز دىيار ، دىل سۆيەرىم نىگارىمدۇر ،
ئېلىم چەككەن زۇلۇم ـ كۈلپەت ، كۆن ھەم تۈن ئاھىمدۇر .
ئات سالدىم ھەيۋەتتە ، باسارمەن مەنزىل غەيرەتتە ،
قەبەردە چىقسا بىر يالقۇن ، مېنىڭ شۇ قىبلىگاھىمدۇر .

دېگەن نەزمە كۈچ ـ غەيرەت ئاتا قىلاتتى . دېمەككى ، شۇ كۈنى جەڭگە كىرگەن قىزىلنىڭ باتۇر يىگىتلىرى تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن ئېلىشىپ ، گومىنداڭ باسمىچى چېرىكلىرىنى زور زىيانغا ئۇچراتتى . بىز ھەممىمىز دېگۈدەك قورال ـ ياراق ۋە ئوق ـ دورىلارغا ئېرىشتۇق . ئەتىسى يەنە كەچ بولۇپ قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى . بىز تېخى بىرەر قارارغا كەلمەي تۇراتتۇق ، بىردىنلا دۈشمەننىڭ « سا ... ھا ... » دېگەن دەھشەت ئاۋازى ئاڭلاندى . بىز « ھۇر ـ را !!! » بىلەن يەنە جەڭگە كىرىشىپ كەتتۇق . كىم بىلسۇن ، دۈشمەن يەنە تەۋەككۈلچىلىك قىلغاچقا بىر سائەت ئىچىدىلا چېكىندى . شۇ ئارىدا دۈشمەن ئارقا سېپىدىن : « كۈچادىن بايغا بىر پولك گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى كىرىپ كەلدى » دېگەن خەۋەر كېلىپ بىزنى تېخىمۇ سەگىتتى . بىز بۇ قېتىم سەل ئاجىز ئىكەنلىكىمىزنى ، دۈشمەنگە سەل ـ پەل دارىتمىلاش بىلەن بىرگە قىزىل بازىرىغا باستۇرۇپ كىرىش ،

دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىپ، ئاخىرقى تازىلاش جېڭى ئېلىپ بېرىپ، سۈپۈرۈپ چىقىپ كەتتۇق. شۇ كېچىسى سايرامدا توختاپ، ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەننى كۈتتۇق. شۇ كېچىدىكى چېكىنىشتە مەن بىساتىمىزدىكى قوراللارنى ساقلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، قىشلىق كىيىملىرىمىزنىڭ نەلەردە چۈشۈپ قالغىنىنى بىلمەپتىمەن. بىزنىڭ ئىزىمىزغا چۈشكەن ئاتلىق دۈشمەنلەر ئەتىسى چۈشلەردە يېتىپ كەلدى. شۇنداق جىددىي پەيتتە سايرام خەلقى جۇغلىشىپ كېلىپ هال سورىدى. ئۇلاردىن 70 ياشلىق ئىمىن هاجى دېگەن بوۋاي چوڭ بىر سېۋەتكە لىق ئۈزۈم قاچىلاپ، تەرلەپ - پىشىپ كۆتۈرۈپ كېلىپ: «دىيارىمىزنىڭ پاك نىيەت باتۇرلىرىغا جەننەت مېۋىسىدىن سوۋغا ئېلىپ كەلدىم. ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلۇرسىلەر» دەپ كۆز يېشى قىلىپ دۇئا قىلغانچە ئايىغىمىزدىن تۇپا ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرتۈشكە باشلىدى. بوۋاينىڭ بۇ قىممەتلىك سوۋغىسى بىزگە شۇنداق كۈچ - مادار ئاتا قىلدىكى، بىز ئۆزىمىزگە يار - يۆلەك بولىدىغان تەگرىتاغدەك تايانچ خەلقنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلەندۇق هەم غەيرەتلەندۇق. بىز هېسسىياتلىرىمىزنى باسالماي «دۈشمەن ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىمىز، جەننەت مېۋىسىنى زالىملار قولىدا خار - زار ئەتمەيمىز» دەپ قەسەم بېرىشتۇق. بىز شۇنداق هاياجان ئىلكىدە تۇرغاندا تېزەك قاغا تەرەپتىن ۋەهىملىك بىر شۇم خەۋەر كېلىپ بىزنى تولىمۇ بىئارام قىلدى. ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن: دەل بىز قىزىلدا قوشۇن تەشكىللەۋاتقان مەزگىلدە باينىڭ توخسۇن يېزىسىدا مامۇتجان ئاتلىق بىر يىگىت باشچىلىقىدا ئالتە پالۋان كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىزگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە قىزىلتامان يولىغا چىقىپتۇ. ئۇلار تېزەك قاغا يېزىسىغا كەلگەندە

ھېلىقى مۇئەللىم مەتىمىن ھوشۇرغا ئۇچراپ قاپتۇ . بۇ ئالتەيلەننىڭ توپلىشىپ ماڭغانلىقىدىن گۇمانلانغان مەتىمىن :

— ھە ... تولىمۇ كېلىشكەن قاۋۇل يىگىتلەر ئىكەنسىلەر ، سەپىرىڭلار قەيەرگىچە ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ياقا يۇرتلارغا ئىش ئىزدەپ ، پۇل تېپىشقا ماڭدۇق ، — دەپتۇ مامۇتجان .

— ياق سىلەر توغرا قىلماپسىلەر ، بايدا گومىنداڭنىڭ لالما ئەسكەرلىرى يامراپ كەتتى ، دەپ ئاڭلىدىم ، قەيەرگىلا بارساق ئەسكەر ، ئادەم تۇتۇش ، قاماش ، چاناش بولۇۋاتسا ياقا يۇرتتا نېمە بار ؟ — يەنە سورىدى مەتىمىن .

— ھە مۇنداق دېسىلە ، — دېدى مامۇتجان دوستلىرىغا قاراپ قويۇپ ، مازاق ئارىلاش ، — ئۇنداقتا ئارقىمىزغا قايتساق بولغۇدەك ياكى كۇچا تەرەپلەرگە كېتەرمىز .

— ئەخمەق بولماڭلار ، « ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت » دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ ؟ — دېدى مەتىمىن يەنە گەپ ئاۋۇتۇپ ، — ئاقسۇ ، كۇچا تەرەپلەر بايدىنمۇ بەتتەر . بىزگە قارشى كېلىۋاتقان باسمىچىلار ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرنى قارىقويۇق قىرىۋېتىپتىمىش ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ شېرىكى دەپ كۆزى كۆرگەنلا ئادەمنى تۇتۇپ چاناۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىدىم . پەقەت بىزنىڭ قىزىلدىلا قازاننىڭ قۇلىقى ئۆزگىرىپ كەتتى . سىلەر ماڭا تازا ئىشەنمەيۋاتىسىلەر . ئېھتىمال سىلەر قىزىل تەرەپكە ماڭدىڭلارغۇ دەيمەن . قىزىلدا بىزنىڭكىلەر گومىنداڭچىلارنى ۋەيران قىلىپ ئاقسۇغا ياردەم بېرىشكە تەييارلىنىۋاتىدۇ . ئەگەر ۋاقتىدا بارمىساق ئۇلار يولغا چىقىپ كەتسە ئاۋارە بولۇسىلەر . مەن پەقەت كېسەلچان ئانامغا تارتىشىپ قالدىم ، ئانام ئىككى يىلدىن

بىرى ئورۇن تۇتۇپ ياتىدۇ، بۇگۇن ـ ئەتىلىكى قالدى. بولمىسا سىلەرنى باشلاپ ھازىرلا ماڭاتتىم. مانا ھازىرمۇ ئانامنى يوقلاپ كېلىشىم، مەن بۇگۇن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن، بۇ ئايدا بولمىسا كېلەر ئايدا ئىلى تەرەپكە چوقۇم ماڭىمەن ... دەپ شاي ئوقۇپ ئىككى گەپنىڭ بىرسىدە گومىنداڭچىلارنى سۆكۈپ بېرىدۇ. مامۇتجانلار بۇ ياغلىما گەپلەرگە ئىشىنىپ قىلىپ قىزىل تەرەپكە ماڭغانلىقنى دەپ تاشلايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپ سۆزگە كىرىشىدۇ مەمتىمىن خۇشلۇقىنى يوشۇرۇشقىمۇ ئۇلگۇرمەي يىگىتلەر بىلەن بىرمۇ بىر كۆرۈشكەچ، — مانا كۈن پېشىن بولاي دەپ قالدى. ئېتىز ـ ئېرىقتا ئىشلەۋاتقان ئادەملەر كۆپ، ئۇلار گۇمانلىنىپ قالمىسۇن. يۇرۇگلار ھازىر بىرىڭلار تاماق ئەتكۈزەي، قورساق تويغۇزغۇچە كەچ بولىدۇ. ئەل جىمىقىقاندا ئۆزۈم يولغا سېلىپ قويىمەن. ھازىرچە ئۆزۈم بارالمىسامىمۇ باشچىلىرىمىزغا سالامىمنى ئالغاچ كېتەرسىلەر.

مەمتىمىن بۇ «مېھمان» لارنى ئۆيگە باشلاپ كېلىپ، ئايالىنى تاماق ئېتىشكە بۇيرۇپ، شۇ ئارىدا ئۆزى سايرام پەيچۇسوغا بىر پارچە خەۋەر يېزىپ ئوغلىدىن ماڭدۇرۇۋېتىدۇ. ھايال ئۆتمەي سايرام پەيچۇسودىن كەلگەن گومىنداڭچىلار بۇ ئۆينىڭ ئەتراپىنى قورشاشقا ئۇلگۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مامۇتجان مەمتىمىننىڭ شۇبھىلىك ھەرىكىتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆي ـ تورۇسنىڭ خىرىسلىدىشىدىن گۇمانلىنىپ، دوستلىرىنى قاچۇرۇۋېتىپ دۇشمەننى ئۆزى كولدۇرلىتىپ تۇرماقچى بولىدۇ. باشقىلار ئۆيدىن چىقىپ غايىب بولىدۇ ـ يۇ، مامۇتجان دۇشمەن بىلەن يالغۇز ئېلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ يارىدار بولىدۇ، چېكىنىپ ـ چېكىنىپ، شۇ

مەھەللىدىكى مەھەممەت نىياز باۋجاڭ دېگەن سۈپۈرگەكەشنىڭ ئۆيىگە دۈچ كېلىپ قالىدۇ . مەھەممەت نىياز باۋجاڭ مامۇتجاننى سامانلىقتا يوشۇرۇپ قويۇپ ، ئارقىدىنلا گومىنداڭچىلارغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولىدۇ . مامۇتجان گومىنداڭچىلار بىلەن بىر قەپەس تۇتۇشقان بولسىمۇ ، يارىسى ئېغىرلىشىپ كەتكەچكە ئاخىر تىرىك قولغا چۈشۈپ قالىدۇ . گومىنداڭ چېرىكلىرى مامۇتجاننىڭ ئېغىزىدىن ھېچقانداق گەپ ئالالمىغاچقا پۈتىدىن بېشىغىچە چانايدۇ . بۇ ئىشتىنمۇ نەتىجە چىقىرالمىغان گومىنداڭ چېرىكلىرى ۋە سوجاڭ نىيىتىنى تېخىمۇ بۇزۇپ :

— سەن ئوغرىلارنىڭ بۇنچە جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرغان يۈرەكلىرىڭدە نېمە بار ؟ مەن چوقۇم كۆرىمەن ، ئەگەر بىرەر نەرسە چىققۇدەك بولسا ھەممىڭلارنىڭ يۈرىكىڭلارنى سۇغۇرۇۋېلىپ قورۇپ يەيمەن ، ھەي ئوغرى راستىڭنى دەمسەن يوق ؟ — دەيدۇ .

— مەن ئوغرى ئەمەس ، چۈنكى مەن تېخى خەقتەك باشقىلارنىڭ تېمىنى شورا قىلمىدىم . تۇغۇلغان يېزامدىن نېرى بولغۇنۇم يوق . ئوغرىنى بىلمەكچى بولساڭ پىشانەڭنى سىلاپ باق ، — دەيدۇ مامۇتجان غەزەپ بىلەن .

— ھەي ئىت ، — شۇ ئەسنادا گومىنداڭ قاراقچىلىرىنىڭ غالجىرلاشقان باشلىقى قولىدىكى نەيزە ئۇچىنى مامۇتجاننىڭ كۆكرىكىگە تەڭلىدى - دە ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالدى ، — دەپ ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ كەتتى پېشقەدەم جەڭچى ، — مانا قاراڭ بۇ نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك . بىز بۇ پاجىئەدىن سايرامدا خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئورنىمىزدىن قىمىر قىلماي تۇرۇپ : « بىر تامچە قېنىمىز قالغۇچە ئۇرۇش قىلىپ ، بىر

ماموتجان ئۈچۈن ھەر بىرىمىز 20 دىن دۈشمەننى يەر چىشلىتىمىز » دەپ قەسەمياد قىلىشتۇق . بىزگە جەننەت مىۋىسىنى ئېلىپ كەلگەن بايىقى ئىمىن ھاجى سايرام خەلقىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىرگە بارلىق قوزغىلاڭچىلارنى دۈشمەنگە قەتئىي تىز پۈكمەي جەڭ قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى . دەل شۇ چاغدا قىزىلدا پەشۋا يېگەن قالدۇق دۈشمەن كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى . جەڭ يەنە باشلاندى . ئىككى تەرەپتىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازى سايرام يېزىسىدا خۇددى قوماچ قورۇغاندەك سادالارنى پەيدا قىلدى . سايرام ئاسمىنى مىلتىق دورىسىنىڭ ھىدى بىلەن قاپلاندى . دۈشمەن چېرىكلىرىنىڭ جان ھەلقۇمدا ئىڭراشلىرى ، خۇددى زىمىستاندا تالادا قالغان لالما ئىتلارنىڭ غىڭشىشلىرىنى ئەسلەتسە ؛ يىگىتلىرىمىزنىڭ — « ئارقاڭغا قارا » ، « جەبدەس بول » ، « چاپ » ، « چەيلىۋەت » ، « يارايسەن » ، « قوغلاپ ئۇر » دېگەن سادالىرى دەريا تاشقىنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى . جەڭ بىر سوتكا داۋاملاشتى . دۈشمەن يەر شارائىتى بىلەن تونۇشمىغاچقا كېچىدىكى جەڭدە زور زىيان تارتتى . ئىتنى دالىدا سۈرگەندىن كۆرە قورغانغا قاۋاپ ئۇرغان ئوبدان ئىكەن . دۈشمەندىن بىرەرسىمۇ قولىمىزدىن ساق قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى . بۇ بىر سوتكىلىق جەڭدە بىزدىن 50 دىن ئارتۇق نەۋكەر ، 20 باش ئات چىقىم بولدى . شۇنىڭدىن باشلاپ بىز زاپاس قورال ۋە ئوق - دورىغا ئېرىشىپ قالدۇق . بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ 3 - كۈنى بىز سوپى ئاخۇن قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاقسۇغا يۈرۈش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتۇق . مەن ئاتالمىش « مۇئەللىم »

مەتىمىن ھوشۇرنىڭ گومىنداڭنىڭ جاسۇسى ئىكەنلىكىنى سايرامدا بىلىپ قالغان ئىدىم.

## ئىنتىقام

بىز بايغا يېتىپ بېرىپلا گومىنداڭنىڭ شەھەردىكى لالما ئەسكەرلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدۇق. بىزنىڭ قېنىمىز راسا قىزىپ تۇرغاچقا شۇنچە كۆپ دۈشمەن جەنبە كېلەلمىدى. «يولۋاستىن قورققان ئىت تامدىن سەكرەپتۇ» دېگەندەك، قاراقچىلارنىڭ بىر قىسمى كوچا تەرەپكە قاچتى. ئايرىملىرى قورال تاپشۇردى. بىز بايدا دەرھال خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، ئاپپاراتلارنى يېڭىلاپ بېرىپلا ئاقسۇغا قاراپ يۈرۈش قىلدۇق. جامىغا يېتىپ بېرىپ، ئاقسۇدىكى قوشۇن «چېكىندى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدۇق. ئىشلەمچى دېگەن جايدا سوپى ئاخۇن ۋە قاسىمجان ئاكاملارنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. پۈتۈن قىسىم تۈزكاندا ئۇچرىشىپ، مەسلىھەت بويىچە ئىككىگە بۆلۈنۈپ بىر بۆلىكىمىز ياتۇر. يەنە بىر بۆلەكلىرىمىز شىتاچى بىلەن ئىلى تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتۇق. بىز تېزەك قاغا يېزىسىغا كەلگەندە مەتىمىن ھوشۇر ئۇشتۇمتۇت ئۇچراپ قالدى. بىز ئۇنى تېكەسكە مەجبۇرىي ئېلىپ كەتتۇق. بۇ جاسۇس نائىلاج بويۇن ئېگىپ ئالدىمىزدا ماڭدى. مەن يول بويى ئۇنى ھەر كۆرسەم، دادامنىڭ «يولغۇن تايىقىدىن قىساس ئالدىغان پەيت كەلدى» دېگىنى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى.

* * *

بىز تېكەسنىڭ قوشناي يايلىقىدا مۇداپىئەدە تۇرۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. كېيىن ئۇقساق پۈتۈن پارتىزان

قوشۇن شان - شەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىگە كىرىپ بولغان ئىكەن. قوشتاي يايلىقىنىڭ دائىملىق ھەمراسى* — قوشتاي دەرياسى كېچە - كۈندۈز شاۋقۇنلۇق ئاقماقتا ئىدى. قوشتاي دەرياسى كۈچ - مادارىمىز ئىدى. مەن ھەر قېتىم جەڭچىلەر بىلەن چارلاشقا چىققان چېغىمدا قوشتاي دەرياسىنىڭ سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىۋالاتتىم. شاۋقۇن ياساپ ئېقىۋاتقان بۇ ئەزىم دەريانى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە، پىغان ئىچىدە ئاچچىق ھەسرەت چېكىپ، غەزەپلىك دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان مۇزات دەرياسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم، تېخى بىر قانچە كۈن ئىلگىرىلا بىز بىلەن خوشلىشىپ كۆزىنى ياشلاپ شۇنچە يىراقتا قالغان قىزىل دەرياسى، ئۇنىڭ گۈل ۋادىلىرى، دەريا بويىدا بىزنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان يۇرت خەلقىنى سېغىنىپ ۋۇجۇدۇم قىساس ئوتى بىلەن لاۋۇلداپ ياناتتى. ئەنە شۇ ھىجران ئوتى مېنىڭ بۇ يولدا ئاخىرقى غەلىبىگىچە تەۋرىمەي جەڭ قىلىش ئىرادەمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

بىزنىڭ قوشتاي يايلىقىدا مۇداپىئەدە تۇرۇشىمىز ئانچە ئوڭايغا چۈشمىگەن ئىدى. بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ، قوشۇنىمىز قوشتايغا بېرىپ ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي توپتوغرا 14 كۈن ئاچ قالدۇق. تالقان خالتىلىرىمىزدىن چاشقانمۇ يامانلاپ كەتكەن ئىدى. ئىلىدىن تېخى خەۋەر يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشتاينى ئاۋات قىلىپ تۇرغان قازاق چارۋىچىلار بىزنىڭ قارىمىزنى كۆرە - كۆرمەيلا، «گومىنداڭ باندىتلىرى ئوخشايدۇ» دەپ يىراقلارغا كۆچۈپ كەتكەن ئىكەن. شۇ كۈنلەردە، بىزگە «جەڭگە كىرىپ يارىلانغان، ساقىيىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئاتلاردىن تۆت - بەشى سويۇپ

يېپىلسۇن » دېگەن بۇيرۇق بېرىلدى . مەن تۇرۇشلۇق باتالىئونغا تەگكەن ئات ئارانلا بىر باش بولۇپ ، ئۇنى بوغۇزلىدۇق . سويۇپ پارچىلاپ تەقسىملىگۈچە كۈيمەي نەپسىمىز تاقىلداپ ئاغزىمىزغا سېرىق سۇ يىغىلىپ كەتتى . شۇ ئەسنادا ئارىمىزدىن سادىق يۈسۈپ ئىسمىلىك بىر يىگىت ئاتنىڭ تېرىسى بىلەن قوشۇپ ئۈچ تال قوۋۇرغىسىنى يۇلۇۋالدى . پىشۇرۇپ يېگىنى نەدە ئوت بولسۇن دەيسىز ؟ نۇر ئايوپ ، مەن ئۈچىمىز خاملا يەپ كەتتۇق . سوغۇق چۈشكۈچە بىز يەر ئاستى گەمىلىرىنى كولاپ كىرىپمۇ بولدۇق . لېكىن ، جەڭچىلەرنىڭ تەگدىن تولىسىدا قىشلىق تەييارلىق يوق ئىدى . شۇ كۈنلەر قوشتاي يايلىقىنىڭ خوجايىنلىرى بۇ يەردە پەيدا بولۇشتى ، ئۇلار بىزنىڭ ئۆز ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن بىزنى مال ، چارۋا ، گۆش ، سارماي ، تار ( تېرىق ) لىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇردى . بۇ ئىش بىزگە قايتىدىن مادار ۋە جاسارەت ئاتا قىلدى . گەرچە بىز قوشتاي يايلىقىنىڭ قار - بورانلىق سوغۇقىغا دۈچ كەلگەن بولساقمۇ ، قازاق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سەمىمىي ياردىمى ئاستىدا ھەر ھالدا ئامان قالدۇق . بىراق مەمتىمىن ھوشۇر شۇنچىلىك غورىگىللىككە بەرداشلىق بېرەلمىدى . ئۆزىگە شۇنچە ئوبدان ئۆزگىرىش پۇرسىتى بېرىۋاتقان ئىنقىلابىي سەپتىن يۈز ئۆرۈپ ، خوجايىنلىرىدىن پاناھ تىلەپ قار يېغىۋاتقان بىر كېچىدە باي تەرەپنى كۆزلەپ قاچىدۇ . خائىن دېگەن ۋىجدانسىز بولۇشتىن تاشقىرى ئەقىلسىز بولسا كېرەك ، يۇندىپۇرۇش قېچىشنى بىلگەن - يۇ ، قاردا ئىزىنىڭ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتمىگەن ئىكەن . تاڭ ئاتقاندا جەڭچىلەر ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ تۇتۇپ كەلدى . يۇقىرى ھەربىي سوت ، خائىن مەمتىمىن ھوشۇرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ ، ئىجراسىنى

بىزنىڭ پولك كوماندىرىمىز دەۋران بايغا ھاۋالە قىلغان ئىكەن. نەقمەيدانىدا ئىجرا قىلىش بىزنىڭ روتىنىڭ مەن تۇرغان شۆبە ئەترىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

— ئىجرا قىلىشقا تەييارمەن، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى شۆبە ئەترەت كاتتىبېشى ماگا.

— تەييارمەن، — دەپ سەل ئالدىغا چىقىپ چاس بەردىم مەن «گۈس - گۈس» مىڭىپ.

دەل شۇ چاغدا مەمتىمىن ھوشۇر ئىككىمىزنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى قازان يۇغۇچتەك پۈرلىشىپ، يىرگىنىشلىك بەشىرىسى كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتقا ئوخشاش لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ كۆزىگە ساداقىقا بەتلەنگەن ئوقيادەك تىكىلگىنىمدە، ئۇ كۆزىنى چىك يۇمغىنىچە باش ساڭگىلاتتى. مەن بەش ئاتارغا ئوق قاچىلاپ بىر تالنى تامغىقىغا ئىتتىرىپ تۇرۇپ:

— ئاكام مامۇتجاننىڭ ھەم سەن زىيانكەشلىك قىلغان بىگۇناھ خەلقنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن، — دېدىم زەردە بىلەن ئۇنىڭ ئېگىكىنىڭ ئاستىغا مۇشتۇمنى تىرەپ.

— بىر ... بىر ... بىر قوش، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، — دېدى ئۇ تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئايىغىمغا يىقىلغىنىچە يېلىنىپ. مەمتىمىنىڭ بۇ ئەپتى تاياقتىن قورقۇپ شاخىنا قويۇۋەتكەن ئىتنى ئەسلىتەتتى.

— باي خەلقكە بوغۇلغان قان قەرزىڭنى تاپشۇر، يۇلغۇن تايىقى ئېسىڭدىمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدىممەن دەرغەزەپ بولۇپ. شۇ تاپتا ھەربىي ئىنتىزامنى دېمەيدىغان بولسام، بۇ مۇناپىقنى ئۇستام ئۆز قولى بىلەن سوقۇپ بەرگەن قىلىچ بىلەن چانىغۇم بار ئىدى.

دەل شۇ چاغدا كوماندىرنىڭ « ئىنتىقام ! » دېگەن جاراڭلىق ئاۋازى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالدى ـ دە ، كۆرۈۋۈكنى باستىم . « جاڭ ! ... » قىلىپ ئۆزۈلگەن ئوق ئاۋازى ئەكس سادا چىقىرىپ قوشتاي ۋادىلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى . بۇ سادا تەڭرىتېغىنى بويلاپ مۇزات دۆلقۇنلىرىغا ھەمدەم بولۇپ ، يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى . قارىغۇدەك بولسام ساتقىنىنىڭ قاپاق كاللىسى پارچىلىنىپ ، سېسىق گەۋدىسى تىپىرلاۋاتقان ئىكەن .

قىسىم قوشتاي يايلىقىدا توپتوغرا بەش ئاينى ئۆتكۈزدى . 1946 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىلى تەرەپتىن كىيىم ـ كېچەك ئارتقان 100 ئېشەكلىك كارۋانلار يېتىپ كەلدى . شۇنىڭدىن بىر ھەپتە كېيىن بۇيرۇققا بىنائەن قوشتاي يايلىقى بىلەن خوشلىشىپ ئىلى تەرەپكە قاراپ يېڭى ۋەزىپە ئۈچۈن يۈرۈش قىلدۇق ، ــ دەپ ماڭا بىر قارىدى پېشقەدەم جەڭچى ، ــ ھازىرچە تۈگىدى ، بۇ سۆزلىگەنلىرىم پەقەت مۇقەددىمىسى ... دېمەككى ، ۋەتەن ، خەلقنى ئازاد قىلىش يولىدا بىزمۇ باشتىلا ئەنە شۇنداق پاجىئەلەرگە دۇچ كەلگەن ئىدۇق . بۈگۈنكى كۈن بەسى مۈشكۈلگە چۈشكەن . ياشلار بۈگۈنكى دەۋرنى جاندەك قەدىرلىشىڭلار كېرەك .

1982 ـ يىل 5 ـ ئاي ، ئۈچتۇرپان .

# ئالتۇن تۇپراق

« تاش چۈشكەن يەردە ئەزىز »

## 1

مۇشۇ كۈنلەردە، بۇنىڭدىن نەچچە يىللار بۇرۇن « ساۋاب » ۋە « كۆپ پۇل تېپىش » ئۈچۈن بىزدىن ئايرىلىپ، يۇرتىنى تەرك ئېتىپ، چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن ئۇرۇق - جەمەتلىرىمىزنىڭ خەۋىرى، سوۋغا - سالاملىرى پات - پات كېلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مويسىپىت تاغىمىز ئەخمەتجاننىڭ ۋاسىتىسى بىلەن كېلەتتى. بۇ ئىشلار ھەر ھالدا ھەممىمىزنى دېگۈدەك خۇشال قىلدى. مەن ھازىرغىچە چەت ئەللەردە تۇرۇۋاتقان بۇ تۇغقانلارنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، روھىيىتىمدە ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىغان ئىدى. سوۋغىلاردىن ئۆز ئۈلۈشۈمنى ئالغاندا بولسىمۇ بىر خىل يىلمان ھالەتتە بولۇپ، تاغامغا ئادەتتىنكىدەك رەھمەت ئېيتىپ قوياتتىم. ئەمما، جەمەتىمىزئارا شەكلەن بولسىمۇ ئاز - تولا خۇشال بولۇپ قوياتتىم. لېكىن - زە، ئارىمىزدىكى خوتۇن - قىزلار جۇۋالىنىپ تۇرغان ياقۇت، كۆزلەرنى چىمىرلىتىۋاتقان قەمرۇت ياغلىقلارنى قوللىرىغا ئېلىشىپ ئۆز ئارا ماختىشىپ قۇشقاچلاردەك جىۋىرلىشىپلا كېتەتتى. مەن بۇنداق چاغلاردا: « ‹ قىزنىڭ كۆزى قىزىلدا › دېگەن شۇدە » دەپ قوياتتىم. تاغام بولسا ئاللىقانداقتۇر خىياللارغا

ئەسىر بولۇپ ھوشىنى يوقىتىپلا قوياتتى . بەزىدە ئېسەدەپ يىغلاپمۇ كېتەتتى . تاغامنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئۆزۈمچىلا خۇيۇم تۇتۇپ قالاتتى ـ يۇ ، لېكىن يەنىلا تاغامغا ئىچىم ئاغرىيتتى . شۇنداق چاغلاردا مەن ئۇنىڭغا :

ــ تاغا ، ئاشۇ تۇغقانلىرىڭىز شۇنچە سېغىنىپ ، كۆز يېشى قىلىشۋاتقانلىرىڭىزنى بىلەرمۇ ؟ ئۇلارمۇ سىزنى سېغىنىپ كۆز يېشى قىلامدىغاندۇ ؟ ھاياتلارغا يىغلاش ياخشى بولمىسا كېرەك ، ــ دەپ تەكرارلاپ قوياتتىم .

ــ ھەي نادان ، ھەي نادان بالا ، ــ دەيتتى تاغام ھۆپپىدە ئېسىلىپ .

ــ ھە ، مەن راستتىنلا نادان ، نادان بولمىسام « چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر » لۇقنىڭ ئاچچىق ئەلەم ـ زېدىلىرىنى ئۇنتۇپ ، جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىكى تۇغقانلىرىم ئۈچۈن يىغلاپ يۈرمەيتتىم،ــ دەپ چىشىغا تېگىپ قوياتتىم . ئەگەر مەن بۇ گەپلەرنى دېمىگەندە تاغام خېلىلا ئېزىلىپ ، يىغلاپ ئەتىسىگىلا ئاغرىپ قالاتتى ـ دە ، ھەممىمىز تەڭ پاراكەندە بولاتتۇق . ناۋادا تاغام بۇ گەپلىرىمگىمۇ پەرۋا قىلمىسا تېخىمۇ قېقىتىپ :

ــ شۇنچە مېھىر ـ شەپقەتلىك تۇغقانلىرىڭىز نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىنى تاشلاپ ، بىزلەرگە چىداپ يات ئەلگە بېرىۋالغان ؟ ــ دەيتتىم ـ دە ، ئۇنى ئېغىز ئاچماس قىلىپ قوياتتىم .

تاغام ئەخمەتجان 70 ياشلارغا كېلىپ قالغان ، بويلۇق ، قارامتۇل ، قاڭشارلىق ، چاچ ـ ساقاللىرى ئاپئاق ، دۇمچەك كەلگەن ، ئېغىر ، خۇش چاقچاق ، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق ئادەم ئىدى . ئۇ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي 35 ياشلىق يىگىتلەردەك

بەردەس ئىدى. مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ تۇرقىغا نەزەر سالغىنىمدا، بىر چاغلاردا كۆندەشلىكىدىن «جىسادۆي» دىن ئۆلگۈدەك تاياق يەپ ئون جېنىنىڭ بىرى قالغان، تېرىسى ئۇستىخىنىغا چاپلىشىپ ئەرۋاھقىلا ئوخشاپ قالغان ئادەمنىڭ ئۆزى شۇ ئىكەنلىكىگە پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەي قالاتتى. ئۇ چاغلاردا ساقچى ئىدارىلىرى چەت ئەلدە تۇغقىنى بارلارغا گۇمان بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىر قەدىمىگە كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇراتتى. چەت ئەلدىكى تۇغقانلىرىدىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى تىزىمغا ئېلىپ، تەكشۈرۈپ ئاندىن قولىغا بېرەتتى. بۇنى ئاز دەپ، ئۇ خەتلەرنى تەشكىلگە تاپشۇرۇش شەرت ئىدى. شۇڭا تاغام ئاكىلىرىدىن ئايدا - يىلدا بىرەر قېتىم كېلىدىغان خەتلەر تۈپەيلىدىن «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» قالپىقىنى كىيگەن بولسا، 30 - يىللاردىكى مائارىپ دولقۇنىدا بىلىم ئېلىپ، ئۆمۈر بويى ياش غۇنچىلارنى پەرۋىش قىلغان «گۇناھى» ئۈچۈن «داشقال»، «سېسىق توققۇزىنچى» دېگەن قالپاقلار ئاستىدا يانجىلىپ، ئادەم بولۇپ يارىلىپ، قالغىنىغا بۇرۇن - قۇلىقىغىچە جاق تويغاچقىمۇ، شۇنىڭدىن بۇيان تاغامنىڭ پېشانىسىدە كۈلكە ئالامىتىنى كۆرۈپ باقمىغانمەن.

توۋا، مانا ئەمدى كۆرۈڭ، تاغام بۇ گۈنكى كۈندە بىز گېپىنى قىلغان ئاشۇ تۇغقانلىرىدىن خەت كەلگەندە كۆز يېشى قىلغان بىلەن، بەش - ئالتە يىلدىن بېرى ئۆزىچىلا 30 يىل بۇرۇنقى مىجەزىگە يېنىۋالدى. ئۇ دائىم بىرەر ئىشقا مەغۇل بولۇۋاتقاندا «ۋەتەندە باھار» دېگەن ناخشىنى بوشقىنا ئوقۇپ قوياتتى.

— ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە، — دەپ قوياتتى تاغام ھەر

قىپتىم مۇگداشقىنىمىزدا . مەنمۇ ھەرگىز بوش كەلمەيتتىم ـ دە ، لايىقىدا چىقىشىپ قويانتتىم . مانا شۇنداق خاسىيەتلىك كۆنلەرنىڭ بىرىدە ، ئىشتىن قايتىپ ئەمدىلا ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشۇمغا ، تاغامنىڭ كىچىك ئوغلى رەخمەت ئالدىراش كىرىپ كەلدى .

— خۇش خەۋەر ، — دېدى ئۇ مەن بىلەن شۇنچە تېز كۆرۈشۈپ ، — دادام ئۆزلىرىنى چاقىرىۋاتىدۇ .

— نېمە گەپ ئىكەن ؟

— ھاجىم داداملاردىن ئاجايىپ خەت ، ئالامەت سالام كەلگەن ئىكەن ، دادام : « لىتاپىنىڭ ئاغزىنى پەننىي داموللام ئۆز قولى بىلەن ئېچىپ بەرسۇن » دەپ يوللىرىغا قاراپلا قالدى ، — دېدى رەخمەت .

تاغام مېنى « جەمەتىمىزدىن بېتىشكەن ئالىي مەلۇماتلىق ، پەننىي داموللام » دەپ ئاتايتتى ئالاھىدە ھۆرمەتىمنى قىلىپ . تاغام چاقىرتقان ئىكەن ، سەۋەب كۆرستىش ھەددىم ئەمەس ئىدى .

## 2

ئەخمەت تاغاملارنىڭ قورۇسى شەھەردىن بەش كىلومېتىرچە يىراقلىقتا ئىدى . مەن رەخمەتنىڭ 5000 يۈەنلىك ماتورلۇق شەيتانچىقىغا مىنگىشىپ ماڭدىم . مەن يەنىلا ئەخمەت تاغامنى نېمدەپ بەزلەشنى ، ئاۋادا يەنىلا يىغلاپ خىجىل قىلسا ، قايسى گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ سىغىنىش ئوتىنى پەسەيتىشنى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن . مەن قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن ھويلىغا كىرگەندە ، تېخى ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ياسالغان خېلىلا ھەشەمەتلىك ئىمارەتنىڭ قەشقەرچە كۆركەم پېشايۋان سۇپىسىنى تولدۇرۇپ

ئولتۇرغان تۇغقانلىرىمىزغا كۆزۈم چۈشتى. تاغام بىلەن ئانام پېشايۋاننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى نەشپۈت كۆچىتى ئالدىدا گەپلىشىپ تۇرغان ئىكەن. تاغامنىڭ قولىدا چىرايلىق بىر لىتاپ تۇراتتى. مېنى ئاۋۋال ئانام بىلەن تاغام قارشى ئالدى. تۇغقانلىرىمىزدىن ئەر - ئايال، قېرى - ياش، نەۋرە - چەۋرىلەردىن بولۇپ 30 دىن ئارتۇق ئادەم بۇ يەرگە توپلانغاچقا، قورۇنىڭ ئىچى خۇددى توي تەنتەنىسىگە چۆمگەندەك تۇيۇلاتتى. باللار چۇرقىرىشىپ قورۇنى بېشىغا كىيىشكەن ئىدى.

— مانا ھەممىمىز ئۆزلىرىگە قاراپ قالدۇق. قېنى لىتاپنى ئېچىپ ئوقۇپ بەرسىلە، — دېدى تاغام نام - شەرىپىمنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ.

— خوش، بۇ قېتىم نۆۋەت مېنىڭ ئىكەن - دە، — دېدىممەن چاقچاق ئارىلاش.

— شۇنداق، « لىنتا كەسسۇن » دەپ چاقىردىم.

— ئافرىقا چۆللۈكىگىمۇ ياكى ئاسىيا بوستانلىقىغىمۇ؟

— ئوغلۇم، خۇدا خالىسا ئەرەب دەشتلىرى بىلەن بوستانلىقىمىزنىڭ يولىنى ئېچىش مۇراسىمىنىڭ لىنتىسىنى كەس، قېنى! — دېدى قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— شەرتىم بار، — دېدىممەن تاغام، ئانام ۋە باشقا تۇغقانلارغا قاراپ، ئالدى بىلەن كېسىدىغان لىنتىنىڭ رەختىنى تەكشۈرىمەن، ئاندىن ۋەزىپە بېجىرىمەن.

تاغام شەرتىمنى قوبۇل كۆردى. چۈنكى، بۇرۇن مۇشۇنداقراق بىر ئىشتا بۇرنىغا سۇ كىرگەن ئىدى. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە: مۇندىن 25 يىل بۇرۇن چوڭ دادامنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى يېزىلغان بىر پارچە خەتنى ئانامنىڭ ئالدىدا بىتۇيۇق

ئوقۇپ تاشلىغاندا ، ئانام « دادام » ! دەپ بىرلا چىرقىراپ ھوشىدىن كېتىپ ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى بىر قانچە كۈن بىسەرەمجان قىلغان ئىكەن . تاغامنىڭ بۇ ئىشتا قىزغىن بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئاشۇ بولسا كېرەك . مېھمانخانىغا كىرىپ خەتنى ئالدىراپ ئوقۇپ چىقتىم . راست گەپنى قىلسام ، مەنمۇ مۇشۇ خەتتىن بىرەر كۆڭۈلسىز خەۋەرنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدىم ، بولۇپمۇ ئانام بىلەن تاغامنى پاراكەندە قىلىشنى خالىمايتتىم . ئانام تېخى 60 ياشقىمۇ كىرمىگەن بولۇپ ، چوڭ دادىمىز مەرھۇم قۇتلۇق ھاجىمنىڭ كەنجى قىزى ئىدى . ئەخمەت تاغام ئانامنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى بولۇپ ، مۇندىن 40 يىلچە مۇقەددەم چوڭ دادام سەپەرگە جابدۇغاندا مەن تۇغۇلۇپ قالغىنىم ئۈچۈن ، ئەخمەت تاغام مېنى ئىككى ياشقا كىرگۈزۈپ بىزنىڭ ئائىلىمىزنى ئېلىپ ئارقىدىن بېرىش مەقسىتىدە بىرىنچى سەپەردىن قالغان ئىكەن . بۇ تارىخي كەچۈرمىشلەرنى ئانامنىڭمۇ بىر قانچە قېتىم ھېكايە قىلىپ بەرگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە . مانا مەن خەتنى ئوقۇۋاتىمەن . خەتنىڭ بىرىنچى بېتىدە رەسمىلەشكەن باشلىنىش ، ئىككىنچى بېتىدە بۇ يەردىكى ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئىسمى - شەرىپى ، ئۈچىنچى بېتىدە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك ئىسمىلىرى ، نامى ئەمىلى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان ئىدى . خەتنى ئوقۇغانسېرى چوڭقۇرلاۋاتاتتىم .

خەتنى ئانامنىڭ چوڭ ئاكىسى نەجمىدىن ھاجىم ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان بولۇپ ، ئۇ ئۆز تۇرمۇشىدا ھېچقانداق قىينچىلىقنىڭ يوقلۇقى ، ئەمما ھەممە نەرسىنى پۇلغىلا سېتىۋېلىش مۇمكىنلىكى ، پۇل ، مال - دۇنيانىڭ كەڭ كۇشادە تۇرغانلىقى ، تائىپى شىرىپىنىڭ ئىككى يېرىدە ، مەدىنىنىڭ ئىككى يېرىدە

ماگىزىنى بارلىقىنى، ھەر بىر ماگىزىندا يەتتە نەپەردىن خىزمەتچىنىڭ تىجارەت قىلىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى شەرھىلەپ كېلىپ مۇنداق يازغان ئىدى:

«مال ـ دۇنيا دېگەنغۇ شۇنچە كۆپ تۇرۇپتۇ، ھەي ... بۇ دۇنيادا بىز زادى نېمىگە قىزىقتۇق؟ ساۋابىنىمۇ تاپقاندىمىز، لېكىن ئۇ يەنىلا تەقدىرنىڭ ئىلكىدە تۇرماقتا. كىشىلىك دۇنيا رىقابەتتىن خالىي بولالمايدىكەن، ئۆز ئارا مۇئامىلىمۇ بىر خىل پەدىدە بولمىغىنىدەك، تۇرمۇشمۇ ناتەكشى بولىدىكەن. ئاددىيسى پەرزەنتلەرنى ئوقۇتۇش، ئوغۇل ئۆيلەش، قىز چىقىرىش ئىشلىرىدىمۇ يەكلىنىشكە ئۇچراپ كەلدۇق. كىچىك باللارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن غىژ ـ پاراڭ قىلىشىپ قالغان ئىشلىرىمۇ بىزگە نۇرغۇن دىل چىگىشلىرىنى كەلتۈرۈپ بەردى. ئەنە شۇنداق چاغلاردا بىزنى باشقىلار يۈزىمىزگىلا: < سىلەر بىزنىڭ ئەلدە ياشاپ، بىزنىڭ ئاش ـ تۇزىمىزنى يەيسىلەر، شۇنداق تۇرۇقلۇق سىلەرنىڭ باللىرىڭلار بىزنىڭ بالىمىزنى بوزەك قىلغۇدەك بولۇپ كەتتىمۇ؟ ياخشى ئادەم بولساڭلار ئۆز ۋەتىنىڭلاردا بولاتتىڭلار، ۋەتەنسىزلەرمۇ كىشى بىلەن ئۇرۇشامدۇ؟، ئەگەر ياۋاش بولمىساڭلار ... > دەپ دوق قىلىشىدۇ. قۇدا ـ باجىلىق بولۇش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش، يۇقىرى مەكتەپلەرگە كىرىش، بىزدەك مۇساپىرلارغا نېسىپ بولمايدىكەن. ئەڭ ئەلەملىكى شۇكى، 40 يىلدىن بېرى بۇ دىيارنىڭ ئەھلى بولالمىغانىنىڭ سىرتىدا «ۋەتەنسىز» ئاتىلىۋاتىمىز. دەرۋەقە، بىزدە ھەممە بەرسە تەل بولغان بىلەن ۋەتەن يوق. ھەممىدىن قىزىقى شۇكى: ئۇلتۇراق مۈلۈك جاي

سىپتىمۇ بەرمەيدۇ . ھەر يىل تاپقان ئۇمۇم كىرىمنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمى ئۆي ئىجارىسىگە كېتىدۇ ...» دېگەن گەپلەر يېزىلىپتۇ . خەت داۋاملاشقانسېرى قەغەز يۈزىدە يۇمىلاق تامچە داغلار ، سىيا تارقاپ كەتكەن جايلار كۆزۈمگە چېلىقاتتى . خەتتە يەنە مۇنداق بىر قانچە مىسرالىق بېيىتمۇ بار ئىدى :

« شىر - شىر ئاققان سۇنى كۆرمەي بۇ يەرگە يەتتۇق ،
چۇشتى ئاق قار تاغ باشىغا قېرىپمۇ كەتتۇق .
ئاتا - ئانا مەقبەرىسى قالدى يات ئەلدە ،
ئانا دىيار تۇتىياسىن كۆزلەرگە سۈرتتۇق . »

بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى مەن ئەخمەت تاغامنىڭ چەت ئەلگە ئەۋەتكەن نەرسىلەرگە قوشۇپ بىر ئۇچۇم قارا چىلان تۇپراق سېلىپ قويغىنىنىڭ سىرىنى ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھاجىملارنىڭ قولىغا يېتىپ بارغانلىقىنى ئۇقتۇم . نەجمىدىن ھاجىم خەتنى ھەسرەتلىك ئىبارىلەر بىلەن داۋام قىلىۋاتقىنىدا كۆز ياشلىرى زەربىدىن قوللىرى تىترەپ ، قەلەم ئۇچىنىڭ ئۆز ئېقىتىمىدىن چەتنىگەنلىكى مەلۇم ئىدى . خەتتە يەنە : « ئەزىزىم ، شەپقەتدارىم ئەخمەتجان ، جانابلىرىدىن سورايمەنكىم ، بىزنىڭ يۇرتىنىڭ گۈزەل قەلئەسى مۆلجەر تاغ ، تەڭداشسىز يەر ئۈستى مەئۋايىمىز① نوقۇز بولاق ئۆز پېتى قەد رۇسلاپ تۇرغاندۇ ؟ دىيارىمىزنىڭ كۆن پېتىش ساھىلىدىكى توشقان دەرياسى يەنىلا شۇنداق شاۋقۇنلۇق دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقاندۇ ؟ ئەخمەتجان ، دىيارنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى كۆركەم تاغلار مەزمۇت تۇرغاندۇ -

① مەئۋا — تۇرار جاي ، ئورۇن مەنىسىدە

ھە ؟ بىز گۆدەك چاغلىرىمىزدا چۆمۈلۈپ ئوينايدىغان ، شەھەرنىڭ كۆن ئولتۇرۇش چېتىدىكى ياۋاغ ئۆستىڭنىڭ سىماب يەڭلىغ كەۋسەر سۈيى يەنىلا شارقىراپ ئېقىپ تۇرغاندۇ - ھە ؟ ! مەن سىلەرنى غايىبانە كۆرۈۋاتىمەن ، بولۇپمۇ بەش - ئالتە يىلدىن بېرى بىزگە ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىڭلاردىن جاھاننامىدە كۆرگەندەك بەكمۇ روشەن كۆرۈۋاتىمەن . ئۇلۇغ تەڭرىم گۇۋاھ بولغاي ، قۇم ئېرىقتىكى سۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك ئېقىشى ، گۈزەل سەھرالاردىكى ئالقىش مەغدالىرى ، ئالتۇن تۇپراق ئۈستىدە قەد كۆتۈرگەن كۆركەم بىنالار ، شاد - خۇراملىق ئىچىدىكى يىگىت - قىزلار كۆز ئالدىمدىن ئۆتمەكتە . ھەي ئەخمەتجان ، ھەي ۋەتەن ، ھەي سۇ ! ... ئېھ ئەزىز قېرىنداشلىرىم ، سېغىندۇق ... بەكمۇ سېغىندۇق ...

ئەگەر تەڭرىم قانات بەرسە ،
ئۇچۇپ بارماقلىقىم پەرھىز .
دىيار تۇپراقىدا ياتماق ،
ئۆمۈرۋايەتلىكىم قەرز » .

خەتتە ئەنسىزلىك بولمىغىنى ئۈچۈن ، ئۇنى ئۇرۇق - تۇغقانلارغا تولۇقى بىلەن ئوقۇپ بەردىم . ئۇلارمۇ بىرەردەم سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەپ قەرەلدە ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى . مەن ئەخمەتجان تاغام بىلەن بىر قۇر پاراڭلاشقاندىن كېيىن ، ئانام بىلەن ئىككىمىز كەچلەپ ئەتىسى قايتىدىغان بولۇپ كېلىشۋالدۇق .

## 3

تاغام بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. ئۇ ئاخىر ئۇيقۇغا كەتتى. بىراق مەن زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. چەكسىز خىياللار ئىلكىدە قالدىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەت ئەلدىن كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان خەتلەر، دادام رەھمىتىنىڭ بوۋاملارنى ئۇزىتىپ قايتىش سەپىرىدە كۆرگەن - ئۇچراتقانلىرى ھەققىدە دەپ بەرگەنلىرى قۇلاق تۈۋىمدە ئەكس سادا پەيدا قىلىشقا باشلىدى. راست دېگەندەك، مۇندىن ئون يىل مۇقەددەم ئائىلىمىزدە مەزكۇر ھاجىملار ۋە بوۋام ناسىر ھاجىملار توغرىسىدا گەپ بولۇپ ئۆتكەن. ئۇ چاغلاردا چەت ئەللەر بىلەن خەت ئالاقە پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى.

— بوۋاملار مۇشۇنداق ئەزىز ماكانىنى تاشلاپ نېمىشقا تەركى ۋەتەن بولۇپ كەتكەن؟ — دەپ گەپ ئارىلاپ سورىغان ئىدىم مەن دادامدىن، — سەن نېمە ئۇچۇن يېرىم يولدىن قايتىپ كەلگەن؟

— بالام، — دەيتتى ئۇ، — سەن تولىمۇ چىگىش گەپلەرنى سورايسەن، جاۋاب بەرمەي قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ماقۇل، مەن دەپ بېرەي: بۇ دەل 1948 - يىل ياز، يەنى سەن تۇغۇلۇپ ئالتە ئايلىق بولغان چاغ ئىدى. گاھ ئۆلۈپ، گاھ نىمجان بولۇپ، روھىي كىشەن ھەم دىل ئازارلىقى ئىچىدە تىپىرلاۋاتقان بۇ ماكان يېقىندىن بېرى يەنىلا ئالاقزادىلىك ئىسكەنجىسىگە مۇپتىلا بولماقتا ئىدى. مانا، نېمىشقىدۇ ھەپتىدىن بۇيان مۆلجەرتاغ قەلئەسىنىڭ ئەتراپىدا خاتىرجەملىك غايىب بولغانىنىڭ تاشايىنىدا، شەھەر ئىچىدىمۇ زىيادە پاراكەندىلىك باش كۆتۈرمەكتە، قەھرى -

غەزىپىنى يۇتۇپ ، قەددىنى رۇسلاپ بولالمايۋاتقان بۇ شەھەر كېچە - كۈندۈز ئەنسىزلىكتە قالماقتا . ھەپتىدىن بېرى تىنىم تاپماي ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازى ئەتراپتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغلارغا ئۇرۇلۇپ ، ئەكس سادا پەيدا قىلىپ ۋەھىمە غوۋغالىرىنى ئۇلغايتماقتا ، شەھەر ئاسمىنىدا مىلتىق دورىسىنىڭ سېسىق ھىدلىرىدىن جۇغلانغان تۈتەكلەر ئەگىمەكتە ئىدى . بۇ ئاز كەلگەندەك ، شەھەر ھەربىي ھالەتتە ، كوچىدا بىرمۇ يەرلىك ئادەم كۆرۈنمەيتتى . ئادەتتىكى چاغلاردا تاڭ سەھەردىن قاراڭغۇ چۈشكۈچە كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخلەرگە قونۇۋېلىپ ئاغزى بېسىقماي ۋىچىرلىشىدىغان جان - جانىۋارلارمۇ قاياقلارغىدۇ غايىب بولۇشقان ئىدى . پەقەت ، ئۇچىسىغا سۇس كۆك رەڭ چاپان كىيىپ ، پۇتلىرىغا گوجەي ئوراپ لاتا خەيلەرنى كىيگەن قورالىق چېرىكلەرلا كوچا دوقمۇشلىرىدىكى يەر ئاستى پوتەيلىرىدە ، خالتا كوچا ئېغىزلىرىدا ، مەسچىت ۋە ئايرىم ئىدارە دەرۋازىلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا ۋارقىراپ - جارقىرىشىپ ، ئوپۇر - توپۇر بولۇشۇپلا يۈرەتتى . خالىغانچە تەرەپ - تەرەپكە ئوق ئاتاتتى . گەرچە ، بۇ دەل دېھقانلارنىڭ ئالدىراش يازلىق يىغىم مەزگىل ھارپىسى بولسىمۇ ، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ باردى - كەلدىسى ئۈزۈلۈپ قالدى . بۇ يەردە بۇ يىل 7 - ئاي چەت ئەللەردە ياسالغان « جەكەس » ، « ياپونكا » ... مىلتىقلىرىنىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازلىرى ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى . بۇلارنى ئاز دەپ ، سەللا ئەمىنلىك بولغان كۈنلەردە گومىنداڭ ساقچى دائىرىلىرى « ئىلى ئوغرىلىرى » نىڭ بېسىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆپتۈرۈپ تەشۋىق قىلىپ : « ئۇلار بۇلاڭچىلار ، ئوغرىلار ، ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر بىزدىن ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ ، < ئىلى ئوغرىلىرى > ئىچكىرىدىن كېلىدىغان قىزىل

پاچاق كوممۇنىستلارغا يول ئاچقۇچىلار، ئەگەر ئىچكىرىدىن كوممۇنىستلار كېلىدىغان بولسا، مال - مۈلۈكلەرنى ھەتتا خوتۇن - قىزلىرىڭلارنىمۇ ئومۇمنىڭ قىلىۋالىدۇ. ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ كالىلىسى سېپىل دەرۋازىسىغا مىخلىنىدۇ» دەپ شالىنى چاچسا؛ يەرلىك مۇتەئەسسىپلەر، بەگ - شاگىۇلارمۇ ماسلىشىپ: «<كوممۇنىست> - كەمنومۇس، دىنسىز دېگەن گەپ، ئەگەر ئۇلار يۇرتىمىزغا كەلسە ھەممىمىزنى دىنسىز قىلىۋېتىدۇ» دەپ دوست تارتىشىپ بېرىشىدىغان بولدى. كۆندۈزلىرى بۇ تەتۈر تەشۋىقاتقا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىۋاتقان ھەربىي ئەمەلدارلار كېچىلىرى چېرىكلىرىنىڭ ئۇچىسىغا سەگەز چاپان كىيدۈرۈپ، ئۇلارنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ، داگدار سودىگەر ۋە بايلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئالتۇن - كۆمۈش توپلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. دېمىسىمۇ ئاشۇ كۈنلەردە ئەل - جامائەت ئارىسىدا: «بۈگۈن ئىشىك تاغ كەينىگە ئۆتۈپ، مۇسا ئۇزۇننى بۇلاپتۇ» دېسە؛ ئەتىسى «مۇسا ھاجىمىمۇ قارا بېسىپتۇ»... دېگەن خەۋەرلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. شۇنداق چاغلاردا بۇلاڭچىلارنىڭ كاتتىباشلىرى بىرلا يۇملاپ باشقىچە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ: «بۈگۈن كېچىدە <ئىلى ئوغرىلىرى> تاغ ئاتلاپ كېلىپ بايلىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى...» دەپ داۋراڭ سالاتتى. ھە دېسىلا يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىك بىزنىڭ ئائىلىمىزگە، بولۇپمۇ بوۋاڭ ناسىر ھاجىمغا بەك قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، ئۇلار يۇرتنى تاشلاپ كېتىپ قالغان ئىدى.

— بوۋاممۇ ئۆز بايلىقىدىن ئەنسىرىگۈدەك دەرىجىدىكى زاتلاردىنمىدى؟ — يەنە سورىدىم.

— ياق ، ئوغلۇم ، بوۋاق ناسىر ھاجىم ئادەتتىكى تىجارەتچى ئادەم ئىدى ، — دېدى دادام قاتتىق بىر نەپەس ئېلىپ ، — بىزنىڭ قولىمىزدا ماتا ، چەكمەن ، سەگەز ، قەشقەر كاتەكچىسى قاتارلىق بوز مال بار ئىدى . بەزىدە ئىككى ئات ، تۆت ئېشەك كارۋىنى بىلەن تاقىچىلىقمۇ قىلاتتۇق ، ھالىمىز شۇنچىلىك ئىدى .

شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كېچىسى تۇيۇقسىزلا قوماچ قورۇغاندەك پاراسلاپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى پۈتۈن شەھەرنى ۋەھىمىگە سالدى . جان قايغۇسىدا قالغان ئاۋام بۈگۈن كېچىمۇ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى مەھكەم بېكىتىپ ئۇيقۇسىز ئولتۇرۇشاتتى . بىزنىڭ ئۆيىمىز شەھەرنىڭ تار رەستە كوچىسىدىكى ئوردا مەسچىتىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە بولۇپ ، شەھەر كوچىلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئوچۇقلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . شۇ كۈنى ھەممىمىز بۇ چوڭ ئۆيگە جەم بولغان ئىدۇق . ناسىر ھاجىم چوڭ داداڭغا بۇ يەردىن كېتىش « كېسەللىك » تەگكىلى خېلى ئۇزاق بولغاچقا ، بۈگۈنمۇ بۇ ئائىلىدە تالاش - تارتىش بولۇۋاتاتتى . چوڭ تاغاڭ نەجمىدىن مەخسۇم ، ئىنىسى ئەخمەتجان ئىككى ئوغۇل بىر تەرەپ ؛ ناسىر ھاجىم ئۆزى يالغۇز بىر تەرەپ ؛ مەن ، ئاناڭ ، موماڭ ھاجى مارى خېنىملار بىر تەرەپ ئىدۇق .

— دادا ، — دەپ بالۋۇرغاندەك قىلاتتى نەجمىدىن مەخسۇم ناسىر ھاجىمغا قاراپ ، — ئانامنىڭ سالامەتلىكى دېگۈدەك ياخشى ئەمەس . بۇ مۇدھىش كۈنلەرمۇ ئۇزاققا بارماس ، خۇدا زالىملارنىڭ زاۋالىنىمۇ بېرەر ، « سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ ، ئوسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ » دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ ، پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلىۋەتمەي مەلۇم ۋاقىت يېزىغا چىقىپ جان پاناھداپ

تۇرساق قانداق بولاركىن ؟...

— لېكىن - زە ، — دېدى ناسىر ھاجىم تەئەددى ئارىلاش ، — سۇ ئۇلۇغراق كېلىپ قالسا تاشمۇ ، قاشمۇ قالمايدۇ . ئاتا باشلىغان يولغا كىرمىگەن بالا ياخشى بالا ئەمەس .

— دادا ، بىزنىڭ گېپىمىزگە كىرىپ قويسىلىمۇ يامان كەلمەس ، — دەپ ئارىلاشتى تاقەت قىلالمىغان ئەخمەتجان ، — بۇ رەزگىلەرنىڭ پاقالچىقىغا پىت چۈشتى ، ھەرىمۇ كەچكۈز ئۆلەرىدە چىقىۋالىدۇ ئەمەسىمۇ . ئاكام راست ئېيتىدۇ ، كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئانا تۇپراقنى تاشلاپ يات ئەلدە نېمە خوۋلۇق كۆرەرسىز .

— ئەپەندى دېگەنغۇ ۋەز - نەسىھەتچى كېلىدۇ ، — دەپ دوق قىلدى بوۋاق ، — سېنى شۇنداق سۆزمەن قىلغانمۇ مەن . چوڭ سۆزلىگىنىڭ بىلەن يامۇلغا قامىلىپ قالغىنىڭدا بىزدەك ئاتىلار ئارىلاشماي قۇتۇلۇپ چىقالمىدىڭغۇ ؟ سەن دەۋاتقان ئۇۋغا يارىماسلارنى كۆپ كۆرگەنمەن ... ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكىنى ئەلا بىلىپ ، بۇ يەرنى تەرك ئەتكەن تۈزۈكمىكىن ... مەن ئاتا ، سىلەر بالا ، مېنىڭ گېپىم ... ؟

— شۇنداق قىلىپ ، مەن كۈيئوغۇل بولغاچقا گەپكە ئارىلىشالمىدىم ، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى دادام ، — ھەممىمىز سۈكۈتكە چۆمدۇق . قاتتىق نەپەس ئېلىشقا پېتىنالمىدۇق . سەن ئاناڭنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاۋاتاتتىڭ .

— دادا ، — دەپ يەنە گەپ باشلىدى ئەخمەتجان ئارىدىكى جىمجىتلىققا خاتىمە بېرىپ ، — دېگەنلىرى ئورۇنلۇق ، شۇنداقتىمۇ بىر ئاز سەۋر قىلساقمىكىن دەيمەن .

— ئەخمەتجان ، — دېدى ناسىرھاجىم كۆزىنى

ئالايتتىپ، ـــ مەن ئەمدى « تەخىر » ، « سەۋر » دېگەن گەپلەر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايمەن. سەۋر قاچام تولدى، تېشىپ كەتسە چاتاق. كىنىدىك قېنىمىز تۆكۈلگەن بۇ دىياردا بىر دەم خاتىرجەملىك بولمىسا، بۇرنىمىزغا ئەجەل پۇراپ تۇرسا، زادى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەخمەتجان، سەن نادانلىق قىلما بالام. بۇلارغا بىزنىڭ كېرىكىمىز يوق، ئۇلارغا ياخشى ئاش، يۇمشاق نان، مۇشۇ گۈزەل زېمىن بولسىلا كۇپايە. بۇلار بۇ پەيلىدە ھامان بىر كۈن بىزنى باشقا يەرگە سۈرگۈن قىلىشتىن يانمايدۇ. ھېچ بولمىسا يوق بەتنامىلارنى چاپلاپ بىر - بىردىن قىرىپ تۈگىتىدۇ... زادى كېتىش كېرەك. بۇلاردىن ياخشىلىق تەمە قىلىش كالا مۈڭگۈزىدىن گۈل ئۈنىدۇ دېگەندەك بىر ئىش.

ـــ دادا، بۇ دېگەنلىرىڭىزغۇ بەرھەق، ـــ دېدى ئەخمەتجان باش لىڭشىتىپ، ـــ بىراق شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئۇلار ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بىزنى كۆپلەپ قىردى، ئۆزلىرىمۇ ھەددى - ھېسابسىز قان - قەرزگە بوغۇلدى. ئەڭ ياخشى چارە، بۇ قاراقچىلارغا بۇ يەرنى بىكارلاپ بېرىش ئەمەس، كۆزگە قادالغان مىخ بولۇش. ئەمما ئۆزلىرى...

ـــ ياق، مەن بۇ يالماۋۇزلار قولىدا بىر تەڭنە گۆش بولۇشنى خالىمايمەن، ـــ دەپ ۋارقىراپ كەتتى ناسىر ھاجىم، ـــ چۈنكى ھاكىمىيەت، مىلتىق ئۇلارنىڭ قولىدا؛ بىزدە بىگىز چاغلىق نەرسە بولمىسا...

## 4

1948 - يىل 9 - ئاي، ھەممىمىز قېيىن ئاتامغا ھەمدەم

بولۇپ، قولغا چىققۇدەك مال - مۈلۈك، يېزىدىكى يەر - زېمىن، شەھەردىكى ئۆي - جايلىرىمىزنى ئېلىشقا سېتىپ پۇل قىلدۇق. ئەخمەتجان ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ كەتمەيدىغان بولدى. دادىسى: «ئەگەر كەتمىسەڭ، بىر ئوغۇللۇق مىراسىڭنى ئال» دېگەن ئىدى، «ئانامغا يوللۇق تۇتتۇم» دەپ جاۋاب بەردى ئەخمەتجان. ئاناڭ ئاللىبۇرۇنلا «دادام ھايات بولىدىكەن، مەن مىراس ئالمايمەن، دادامنىڭ ھەج سەپىرىگە تۇتتۇم» دېگەن ئىدى. مەن قەشقەردىن ئۆتۈپ كەشمىرگىچە ئۇزىتىپ بارىدىغان بولدۇم. كەچكۈز قىستاپ كېلىۋاتاتتى. سەپەر ئۈچۈن تۆت ئات، ئالتە ئېشەك تەييارلىدۇق. ئەخمەتجان مۇئامىلىدە راستچىل، خۇش ئاۋاز يىگىت بولغاچقا، ناسىر ھاجىم ئۇنىڭغا ئوبدانلا ئىشىنەتتى. شۇڭا بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنى دۆڭ چىغ① تەرەپكە بىر مۇئامىلىنى تۈگىتىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئەخمەتجان دۆڭ چىغدىن ئانچە ھايالشىمايلا قايتىپ كەلدى. قالغانلارنىڭ ھەممىمىز ھويلىدا ئىدۇق. ئۇنىڭ چىرايىدا قانداقتۇر بىر جىددىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— نېمە ...؟ بىرسى بىلەن رەنجىشىپ قالدىڭمۇ بالام؟ — سورىدى ئوغلىنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئەنسىرىگەن ناسىر ھاجىم.

— ياق. ئويلىمىغان يەردىن ۋەھشىيلىكنى كۆرۈپ قالدىم، — دېدى ئەخمەتجان دادىسىغا ئەھۋال چۈشەندۈرۈپ، — بۈگۈن ئەتىگەندىلا يامغۇر يېغىشقا باشلاپ چۈشكە يېقىن توختىدى. يامغۇرنىڭ توختىشىغا ئەمەت ھاجىمنىڭ

① دۆڭ چىغ: ئۈچتۇرپان شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تۇشقان دەرياسى بويىدىكى يېزا ئىسمى.

ساريېدىن چىققان بىر ئەسكەر سۇ بويى مەھەللىسىگە بارىدۇ - دە ، ئۆستەڭدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئون نەچچە ئۆردەكنى كۆرۈپ نىيىتى بۇزۇلىدۇ . ئۆردەكلەردىن بىر قانچىنى تۇتۇپ كېتىپ قورۇما قىلىپ ، باشلىقىنى خۇش قىلماقچى بولۇپ ئۆردەكلەرنى قاشقا چىقىرىش ئۈچۈن قوغلايدۇ . قېرىشقاندەك سەزگۈر جانىۋارلار ئۇياقتىن - بۇياققا قېچىپ قاشقا چىقمايدۇ . ئەسكەر يەنە قوغلايدۇ - يۇ ، نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلىپ ئاغزى - بۇرنىدىن قان كېتىدۇ . پۇتىدىكى بىر پاي خەي ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىدۇ . ئۆزى تاپقان دەردكە چىدىمىغان بۇ ئوغرى « ماۋۇ ئۆردەكلەر كىمنىڭ ؟ » دەپ سورۇشتۇرۇپ يۈرۈپ ئۆردەكچى تۇردى ئاخۇن ئاكىنى تاپىدۇ - دە ، ئاۋۋال ئۇنى بېلىدىكى كەمەر بىلەن ، كەمەر ئۈزۈلگەندە بولسا پۇتىدىكى خەي بىلەن ئۇرۇپ ، « سېنىڭ ئۆردەكلىرىڭنى تۇتىمەن دەپ يارىدار بولدۇم » دېگىنىچە لىيەنبۇ قىلىنىغان ساراي ① غا ھەيدەپ بېرىپ كالتەككە باسقان . مەن خالايىقنىڭ سارايىنى قورشاپ ئالغان ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ يېتىپ كەپتىمەن . ئەمەت ھاجىمنىڭ سارىيىدىكى قاراقچىلار ئۆگزىلەرگە پىلىموتنى قۇرۇپ ، مىلتىق ئۇچىنى خالايىققا قارىتىپ ھەيۋە قىلىپ ، ئاسمان - زېمىنغا قارىتىپ ئوق ئېتىۋاتىدۇ . خالايىقنىڭ پەيلى ئاندىن يامان تۇرىدۇ . بۈگۈن بىرەر ئىش بولامدىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن .

— ھە ، مەن دېمىدىممۇ ؟ — « مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك » دېگەن شۇ . سەن ئاشۇنداق زومىگەرلىكنىڭ شاھىدى بولىمەن دەپ مەندىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىسەن ، زادى بۇ يەردە تۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى ، — دېدى ھاجىم تېخىمۇ چېچىلىپ .

---

① شۇ يىللاردا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى سارايلاردا ئىدى .

كۆنده دېگۆدەك يۈز بېرىۋاتقان قاراقچىلىق بىزنىڭ بوسۇغىدىن تېزراق چىقىپ كېتىشىمىزگە سەۋەب بولۇۋاتاتتى . بىز ئەل - يۇرت بىلەن خوشلىشىش چېيى بەرگەندىن كېيىن ، 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا سەپەر قىلدۇق . بىز تۆت جان ئادەم تۆت ئات بىلەن 32 كۈن يول ئازابى تارتىپ كەشمىرگە ئاران ئۇلاشتۇق . ئېشەكلىرىمىز يولدا ئۆلۈپ تۈگىگەن ئىدى ...

## 5

كەشمىر شەھىرىدە زىيادە ئىسسىق بولۇۋاتاتتى . بىز بۇ شەھەردىكى بىر سارايىنىڭ تارغىنا بىر ئېغىزلىق ئادديي ھۇجرىسىغا ئورۇنلاشتۇق . كەچلىك غىزا ۋاقتىدا نەجمىدىن مەخسۇم دادىسى بىلەن يەنە گەپ تەگىشىپ قالدى .

— دادا ، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ ھارغىن تەلەپپۇزدا ، — يۇرتىمىزدىكى زاكىر ھاجىمنىڭ شۇنچە كۆركەم سارىيىدىكى ھەممە نېمىسى ئەل ھۇجرىلىرىنىڭ بىر كۈنلۈكى ئاران ئىككى مىسقال كۈمۈش ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول بويى ئۆز تەۋەيىمىزدە بۇنچە ئېغىر ئىجارىگە يولۇقمىدۇق ، تەۋەيىمىزدىن ئۆتۈپتۇق ئىش باشقىچە بولۇۋاتىدۇ . يۇرت پۇرىقى كەتمەي تۇرۇپ ...

— ئوغلۇم ، قايناپ قالدىڭغۇ ؟ — دېدى ناسىر ھاجىم ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي .

— كونا توپا پۇراپ تۇرىدىغان بۇ ئەسكى ھۇجرىنىڭ بىر كۈنلۈكى ئىككى تىللادىن بولسا ، ئوقەتنى نېمىگە ، جاننى قانداق ... ؟ — گەپنىڭ داۋامىنى يۇتۇۋەتتى نەجمىدىن مەخسۇم .

ھاجىم ئىندىمىدى ، چۈنكى ئۇ يول بويى « ئىسسىت

ئۇچتۇرپان، ئىسسىق ئاقسۇ، ھەي ئىسسىق قەشقەر بىلەن خوتەن» دەپلا كېلىۋاتقان چوڭ ئوغلىنىڭ يىرىم يولدا بەل قويۇۋېتىپ يېنىۋېلىشىنى مۆلچەرلىگەن ئىدى.

— قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇۋېلىپلا يولغا چىقىپ كېتىمىز، باشقا يەرلەر مۇنداق ئەمەس، مەمۇرچىلىق، — دېدى ھاجىم ئارتۇق گەپ قىلىشقا پېتىنالماي.

تېخى ھېلىلا بىر چەينەك قايناق سۇنى ئىككى مىسقال كۆمۈشكە سېتىۋالغان ھاجىم ئۆزلۈكىدىن ھەممىزگە چاي قۇيۇشقا باشلىدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈۋېدى، كەشمىر شەھىرىنىڭ كۆن پېتىش تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىكتە قۇربان ھېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان بولدى. شۇ كۈنى بۇ يەرگە ئون مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان توپلاندى. نېمىشقىكىن، مەيداننىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە 30 مېتر ئېگىزلىكتە تاختا پەر ياسالغان ئىدى. كىشىلەر ناماز ئوقۇپ بولۇپمۇ تاراپ كەتمەي ئۆز ئارا پاراڭلاشقاچ ھەدەپ ئاسمانغىلا قارىشاتتى. نەجىمىدىن مەخسۇم بىلەن بىز باشقىلارنى تاماشا قىلىپ يۈرەتتۇق. شۇ ئەسنادا ھەر خىل زۇۋاندا سازا قىلىپ خەير - ساخاۋەت تىلىگۈچىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئارىسىدا كەشمىرلىك جۇل - جۇل كىيىملىك، ئاياغ كىيمىسىز باللارمۇ بار ئىدى. بۇ ساھىل باللارغا، ئېگىز بويلۇق، بېشىغا ئالما ئۇرۇقى دوخاۋا دوپپا، ئۇچىسىغا ماش رەڭ كاستۇم - شىم، پۇتىغا قىزىل خۇرۇم شىبلەت كىيگەن، كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان 40 ياشلار چامىسىدىكى بەستلىك بىر كىشى سوۋارى سادىغا بېرىپ، قارا - قويۇق بەش سوملۇق بىردىن تىللا تارقىتىپ كېلىۋاتاتتى. ساخاۋەتكە مۇيەسسەر بولالىغان ئوماق قىز - ئوغۇللار قارا مەدەكتەك ئورۇق قوللىرىنى

ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ ئۆز تىللىرىدا نېمىلەرنىدۇ دەپ، ئالاھىدە تازىم بىلەن دۇئا قىلىشاتتى. شۇ ئەسنادا كىشىلەر ئارىسىدىن 55 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم بۇ كىشىگە يېقىنداپ كېلىپ: «ھەق، ئامىن!» دېدى، ھەتتا بىزگە قاراپمۇ ئۈلگۈردى. بىز بۇ تونۇش سادا ئىگىسىگىلا لايىقىدا سادىغا بەردۇق. بىراق، بايىقى ساخاۋەتچى:

— ھەي سائىل، بېرى كېلىڭ، — دەپ توۋلىدى كاستوم يانچۇقىدىن بىر سىقىم تىللا ئالغىنىچە ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ، — مەڭ، بۇنى خىراجەت قىلىڭ، راست سىز قەيەرلىك؟

— مەن بىر مۇساپىر، ھەج قىلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، كاراچى دېگەن يەردە مال - دۇنيارىمنى بۇلاڭچىغا ئالدۇرۇپ قويدۇم تەقسىر، — دېدى - يۇ، يۇرتىنىڭ نامىنى ئېغىزغا ئېلىشقا قورۇنغاندەك يەرگە قارىۋالدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا بايۋەچچىگە قاراپ ھەقتائالا يولىدا دۇئا قىلىشقا ئالدىرايتتى.

— توختاڭ، — دېدى بايۋەچچە كەسكىن، ئەمما يېقىملىق تەلەپپۇزدا، قارا ئەينىكىنى ئېلىۋەتكەچ، — سىز بۇ يەردە ھەرگىز تىلەمچىلىك قىلماڭ، غەيرىي مىللەت كىشىلىرىگە قول سوزماڭ، مۇشۇ پۇل بىلەن ھەرەمگە كېتەلەيسىز، خالىسىڭىز بىزنىڭ سارايغا بېرىڭ، ئىشلەڭ. كېتىشنى خالىسىڭىز مېنى ئىزدەڭ، قەشقەر يولىدىكى كارۋانلىرىمغا قوشۇپ قويىمەن، بىر تىيىن ھەق ئالمايمەن. ناۋادا بۇ يات ئەلدە تىلىگىنىڭىزنى كۆرۈپ قالسام ... — بايۋەچچە گېپىنىڭ ئاخىرىنى — تازا قاتتىق يېرىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، بىز بىلەن چالا - پۇلا كۆرۈشۈپلا ئارىمىزدىن كېتىپ قالدى. ھېلىقى «سائىل»مۇ بۇ يەردىن غايىب بولدى. بىز ھېلىقى بايۋەچچىدىن ئەيمىنىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ سوراشقا پېتىنالمىدۇق.

ئاردىن بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەي ، ھىندىستان ئاسمىنى تەرەپتىن بىر ئاق ئايروپىلان كېلىپ ، كەشمىرنىڭ كۆكىدە كەپتەردەك پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى . بۇنىڭغا ئۇلىشىپ شەھەر تەرەپتىن رەڭگارەڭ قوڭغۇز پىكاپلار چىقىپ ، ئۇنىڭدىن كەشمىرنىڭ ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بىر - بىرلەپ چۈشۈشكە باشلىدى . بۇ چىرايلىق « هارۋا » لاردىن بىرسى مەيداننىڭ چېتىگىرەك توختىدى - دە ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى سالاپەتلىك كىشى چۈشتى . مەن ئىچىمدە : « مۇشۇ يات ئەلدە بىزنىڭ يۇرتلۇق شۇنچە ئابرويلۇق ئادەم يولۇقسا ، ئوقەتنىڭ ئېپىنى قىلسىلا قاملاشقۇدەك » دەپ ئويلىدىم ، لېكىن ئويلىغانلىرىمنىڭ بايانىنى يېشىپ بېرەلمەيتتىم . نەجىمىدىن مەخسۇم بارغانچە شۈكلىشىپ كېتىۋاتاتتى .

— نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىسىز ؟ — سورىدىممەن ئۇنىڭدىن .

— ئۆزۈم كەشمىردە بولغىنىم بىلەن كۆڭلۈم يەنىلا ...

— ھە ، مۇنداق - دەك ؟ بۇلار نېمە كۈرۈنۈۋاتىدۇ ؟

— نېمە كۈرۈنەتتى ، ئۇلار ئۆز يوقسۇللىرىغا بىر نەرسە بەرمەيدىكەن ، بىز ۋە ئۆزبېكلەر رەھىمدىل ئىكەنمىز . يانچۇقۇمدىكى مىسقاللىق ، سەرلىك كۈمۈشلەر تۈگىدى ، تېخىچە ھېلىقى بايۋەچچە ئېسىمدە .

— ئۇنىڭ سېخىيلىقى سىزگە ئۆتكەندەكمۇ ؟

— ھە ، ئەلۋەتتە .

بىز ھېلىقى بايۋەچچىنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرمەكچى بولۇپ تۇراتتۇق ، ئايروپىلان يەرگە قوندى . بىر كەمدىن كېيىن ، باشقىلاردىن بۇ ئايروپىلاندا ھىندىستان زۇڭلىسى نېھرونىڭ

كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇق . بايىقى ئېگىز تاختا پەر نېھرونىڭ چىقىپ نۇتۇق سۆزلىشى ئۈچۈن ياسالغان ئىكەن . ئاق كىيىملىك بۇ ئەرباب مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى . نېھرۇنىڭ گېپىنى ھېلىقى بايۋەچچە ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرۇپ بېرىشكە باشلىدى . شۇندىلا ئۇنىڭمۇ لايىقىدا ئەمەلدارلىقىنى مۇقىملاشتۇردۇم . ئەسلىدە مەن يېڭىلىشقان ئىكەنمەن . چۈنكى ، شۇ دەقىقىدە نەجمىدىن مەخسۇم يېنىدىكى بىرەيلەندىن :

— گەپ ئۆرۈپ بەرگۈچى كىم بولىدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— بۇ كىشى ئەسلى قەشقەرلىك ، — دېدى ھېلىقى كىشى جاۋابەن ، — ئۇ قەشقەردىكى كاتتا سودىگەر ئەخمەت باينىڭ كۈيئوغلى ئابلىز بايۋەچچە بولىدۇ . ئۆزىمۇ چوڭ سودىگەر . ئۇنىڭ بۇ يەردە ئالاھىدە نامى ، كاتتا كارۋان - سارايى ، باغلىرى بار ، يەنە ئۇنىڭ شەھەر دائىرىسىدە ، ھەر بىرىدە 15 دىن ئادەم ئىشلەيدىغان بەش ماگىزىنى بار . شىنجاڭدىن بۇ يەرگە كەلگەن ھەر قانداق ئادەم بۇ كىشىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ تۇرىدۇ .

بىز چۈشكەن سارايمۇ ئاشۇ كىشىنىڭ ئىكەن ، مەن ھېلىقى كىشىدىن يەنە :

— بۇ يەردە ھەممىڭلار شۇنچە ئەزىزمۇ ؟ — دەپ سورىدىم .

— بەش قول ئوخشاش بولمايدۇ بۇرادەر ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ ، — يات ئەلدە كۈن ئېلىش ئوڭاي ئەمەس ، قالدىسىنى دېمەيلا قويايلى ...

نېھرو سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مۇنبەردىن چۈشكەندىن

كېيىن بىز سارايغا قايتىپ بېرىپ، بۈگۈن كۆرگەن ـ ئىشىتكەنلىرىمىزنى ئانىمىز ھاجى مارى خېنىمغا سۆزلەپ بەردۇق. ئەتىسى بىزمۇ بىر تىللالىق يەرگە چېدىر تىكىدىغان بولدۇق. چۈنكى، سەپەر قىلىش بىر ھەپتە كېيىنگە سۈرۈلگەن ئىدى.

ــ يولدا قاراقچىلار كۆپمىش، سەل ئەمىنلىك بولغاندا يولغا چىقىدىكەنمىز، ــ دېدى ناسىر ھاجىم تولىمۇ غەمكىن.

ــ قاراقچى؟ نېمىدېگەن قاراقچى ئىكەن ئۇ؟ ــ سورىدى نەجمىدىن مەخسۇم.

ــ ھەئە ئوغلۇم، قاراقچى.

ــ چۆچەكلەردىكى قاراقچىلار شۇمۇ؟ ياكى غېرىبنى باغلىغان قاراقچىلارمۇ؟ ــ نەجمىدىن مەخسۇم يەنە سورىدى خۇددى كىچىك باللارچە. بىز بۈگۈنكى قۇربان ھېيت نامىزىنىڭ يۇرتىمىزدا قانداق ئۆتۈلگەنلىكى ھەققىدە قىياسەن پاراڭ قىلىشتۇق ۋە پاراڭلارنىڭ ئەللەيلىشىدە ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتۇق.

## 6

مەن بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يۇرتقا يول ئالدىم. ئات كارۋىنى بىلەن ئاق سايغا ئىچكىرىلەپ، قەدىمكى زامانىدا كىملەر تەرىپىدىندۇر بىنا قىلىنىپ، خارابىلىشىپ كەتكەن ئىگە ـ چاقىسىز بىر قونالغۇدا تۈنەپ، ئەتىسى ئەتىگەندە تالاغا چىقسام، ئۇ يەرنىڭ ئالدى تېمىدا قامچا دەستىسى بىلەن ئويۇپ يېزىلغان « ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلدۇق » دېگەن بىر قۇر خەتكە كۆزۈم چۈشتى. نېمىشقىدۇر ئاشۇ خەت قەلبىمدە نەقىش بولۇپ ئورناپ قالدى. ئەمما، ھازىرغىچە بۇ خەتنى قانداق بىر

ئاقىلنىڭ نېمە مەقسەتتە يېزىپ قالدۇرغانلىقى سىر ئىدى.

« ۋەتەندىن ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئايرىلىپ يات ئەلدە يۈرگەن چاغلاردىكى سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئەسلەپ، پەسىل قۇشلىرىغا ئوخشاپ قېلىشنى زىنھار خالىماي، ئانا تۇپراقنى ئەبەدىي قۇچاقلاشنى ئەلا بىلىپ، سىلەر بىلەن سالامەت يۈز كۆرۈشكەن ئىدىم ... » دېگەن ئۇنتۇلغۇسىز ھېكايىنى ياد ئېتىپ تاڭ يورۇغىنىنى تۇيماي قاپتىمەن. كاللام بوۋاملار ھەققىدىكى سەرگۈزەشتىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى.

— بالام، ئەجەب ئۇخلاپ كەتتىڭ، — دېگەن ئاۋازنىڭ قۇلىقىمغا كىرىشى بىلەن كۆزۈمنى ئاچسام، ئەخمەتجان تاغام دېرىزە تۈۋىدە « تارىخىي رەشىدىيە » ناملىق كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

ناشتىدىن كېيىن تاغام نەجمىدىن ھاجىمدىن كەلگەن خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتۇق.

— قېنى، دەۋرىمىزنىڭ ئالىمى مەسلىھەت بەرگىنە، قانداق قىلىش كېرەك، — دېدى تاغام.

مەن مۇندىن بىر ئاي بۇرۇن كەلگەن خەتتىكى: « دىيارىنىڭ تۇپىسىنى قۇچاقلاش بۇ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ بۈيۈك ئارزۇيۇم، چارە ـ مەسلىھەت بەرگەيسىلەر » دېگەنلەرنى ئويلىدىم ـ دە:

— مەن تەكلىپ قەغىزى ئۈچۈن ئىلتىماس يېزىپ بېرەي، يولنى ئۆزلىرى ماڭسىلا، ۋەتەنگە تەشنا تاغىمىز نەجمىدىن ھاجىملارنى مەنمۇ بىر كۆرەي، ھەر بىرلىرىنىڭ باغرى قانسۇن، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇندىن 40 يىل بۇرۇنقى ھالىتى بىلەن بۈگۈنكى شاد ـ خۇراملىقىنى، بەختى كۈلگەن يۇرتداشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن، — دېدىم ھېچ ئىككىلەنمەستىن.

— ناۋادا كېلىۋېلىپ، كەتمەيمىز دېسىچۇ؟ — سورىدى تاغام.

— مەڭگۈ قارشى ئالىمىز، دىيارىمىزمۇ كەڭ كۆكسىنى ئاچىدۇ، دەرۋازىمىزمۇ ئوچۇق. قېنى، ئانا تۇپراقنى سېغىنغانلارغا مەرھەمەت! — دېدىمەن يەنىمۇ ھاياجانلىنىپ.

— ماقۇل ئوغلۇم، شۇنداق بولسۇن، — دېدى تاغام مەمنۇن بولۇپ، — ئوغلۇم، دېمىسىمۇ «باشقا ئەلنىڭ شاھى بولغۇچە، ئۆز ئېلىڭنىڭ قۇلى بول» دېگەن ھېكمەت بار ئەمەسمۇ.

1989 - يىل 3 - ئاي، ئۈچتۇرپان.

# سېيىت نوچى ئۇچتۇرپاندا

ئاپتورى : ئىمام مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار
مەسئۇل كوررېكتورى : ئارزۇگۇل سىدىق

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092 × 787مم ، 32 / 1
باسما تاۋىقى : 5.375 قىستۇرما ۋارىقى : 1
1997 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1997 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 8000 —— 1

---

ISBN7−5373−0557−9/I. 144
باھاسى : 5.50 يۈەن

本集子选录作家伊麻木.穆罕默德十几年来写的10部短篇小说。


斯义提勇士在乌什

作者:伊麻木.穆罕默德
责任编辑:穆罕穆德.阿不利孜.伯日亚尔
责任校对:阿尔祖姑丽.司迪克

喀什维吾尔文出版社出版
新疆新华书店发行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米1/32开本,5.375印张 1插页
1997年4月第一版 1997年4月第一次印刷
印数:1 ——8000

ISBN7—5373—0557—9/I.144(民文)
定价:5.50 元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : غەيرەت خالىق

ISBN 7-5373-0557-9

9 787537 305570 >

ISBN7 — 5373 — 0557 — 9

I. 144(民文) باھاسى 5.50 يۈەن